
6
2014
يېزا پەن - تېخنىكىسى
قايىنۇق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ
农村科技
ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى بولغان چاپچال ناھىيە
قايىنۇق يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇنەۋۋەر
ئوقۇغۇچىلاردىن خەلقىمىزگە ئوتلۇق سالام!
ISSN 1004-1095
06>
9 771004 109006






قاينۇق يېزىسى ئېلى دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، تارىختىن بۇيان ئىلىم-مەرىپەتكانى ھېسابلىنىدىغان، دىنىي ۋە پەننىي مائارىپ ئاساسى پۇختا قەدىمىي ماكان بولۇپ، 1906- يىلى مەشۇر توختاخۇن قېرىندىشىمىزنىڭ تەشەببۇسى بىلەن دېھقانلار ئىئانە توپلاپ، تۆت ئېغىزلىق سىنىپى بار مەكتەپ قۇرۇپ، ماتېماتىكا، ھۆسنخەت، ئېلىپبە، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىپ، تۇزۇم ۋە ئوقۇتۇشنى ئىلمىيلاشتۇرۇپ، يېڭىچە پەننى مائارىپنىڭ باشلىنىشىغا ئۇل سالغان. 1949-يىلى ئۆلكە ئازاد بولغاندىن ھازىرغىچە بۇ مەكتەپ ئىزدىنىش، ئىسلاھ قىلىش، تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، بۇگۈنكى ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئايلىنىپ، جەمئىيەتكە نۇرغۇنلىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ، ئېلى ئوبلاستى ۋە رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ۋە مۇقىم تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشماقتا.



مەكتەپ سېكرېتارى
سەيدەخمەت سېلىم

مەكتەپ مۇدىرى
ئەمەتجان ئابدۇرېھىم

(بۇ مەكتەپنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىگە قىزىقسىڭىز «ئېلمۇك ئېتىكىدىكى قاينۇق بۇلاق» ناملىق كىتابقا مۇراجەت قىلىڭ)



2014 ـ يىل 6 ـ سان
(ئومۇمىي 350 ـ سان)

# يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدى.

## بۇ ساندا

### تېرىش پەرۋىش

كۆدە مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ..................ئەكبەر مەمەت (1)
زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم تېخنىكىلىق تەدبىرلەر...ئايشەمگۈل سېتىۋالدى قاتارلىقلار (2)
قۇغۇن بىلەن تاتلىق بەرەڭگىنى كىرىشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى .....ئەنەيتۇل نەمتۇل (5)

### ئوغۇت تۇپراق

ئالمىلىق باغلارنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ........................... ئايگۇل تەۋەككۇل(7)
خىمىيەۋى ئوغۇت ئارقىلىق كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى.....ئايزىمگۈل يۈسۈپ (9)
كېۋەز مەخسۇس ئوغۇتىنى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ..............سەلىمگۈل ئەلى (10)
شوخلىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى...بۈرىلخان توختى (12)
شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.......تۇنساگۈل سېتىۋالدى (14)

### باغۋەنچىلىك

ئۈلانغان چىلان كۆچىتىنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى ......................بۇخەلچەم قارى(15)
ئامېرىكا قارا ئۆرۈكىنى ئۈلاپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ......................ئالىگۈل ئابدۇراخمان (16)
چىلان دەرىخىنى قورغاقچىلىق زىيىنىدىن ساقلاش تەدبىرى ..................پاتىگۈل ماموت (18)
ئالمىنىڭ مېۋىلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ..........................موللامەت ھاجىمەمەت (19)
ئۆرۈلۈك باغلارنىڭ يىللىق پەرۋىشى ....................................قەلەمخان ماناپ (22)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

چىلان تۇگۈنەك پاشىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ............ نۇرجامال ئىسلام(26)
بۇغداي دات كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..............ئوسمان زايىت (27)
كېۋەزنىڭ غۇنچە ـ غوزىلىرى تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى .... رابىيە ياسىن قاتارلىقلار(29)
قوغۇن ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .......رەيھانگۈل ئەرشى (30)
كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىلغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى
..........................................................روشەنگۈل ياسىن قاتارلىقلار (31)
ئۈزۈم قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ............. ھەمدىگۈل ئابدۇرېشىت (33)
قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ بۇغدايغا زىيىنى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ......ماھىنۇر ھەمدۇللا (34)
تەرخەمەكنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىكى فىزىيولوگىيەلىك توسالغۇلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش
ئۇسۇلى ............................................................گۈلشەن سەمى (35)

قوغۇن كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..............ھۆرىگۈل قۇربان (37)
قوغۇن يەر ئاستى زىيانداش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .....ئاسىمگۈل غوپۇر (38)
تەرخەمەك پىلەك قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرى .....ئايىمنىسا مەمتىمىن (40)
ئالما كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ............ئەركىنئاي مەمەتجان (42)
تاۋۇز پىلەك قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..........رىزۋانگۈل توختىشا (44)
پالەك ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .....روزىگۈل ئابدۇقادىر (45)

## سۇچىلىق

سۇغىرىش رايونىدىكى سۇ مىقدارى تەڭپۇڭلۇقىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى .... تاجىگۈل سەمەت (46)

## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق

تۆل ئېلىشتا بىلىۋېلىشكە تېگىشلىك نۇقتىلار ......................... ياسىن راخمان (47)
توخۇنىڭ تۇخۇم مەھسۇلاتىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ... تۆمۈر ئىمىن (49)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

كومبايىن مەشغۇلاتىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ...................... مەمەتھاجى ئابلىكىم (51)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

تېرىلغۇ يېرى ئورمانغا قايتۇرۇلغان، دېھقانلارنى تەربىيەلەش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم
...................................... ئايگۈل گالى قاتارلىقلار (53)

## يېزا ـ بازار كارخانىلىرى

قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ... ئۆمەر ئىسمائىل (55)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ..............(58)

## بىلىۋېلىڭ

كونا ـ يېڭى كۆكتات ئۇرۇقىنى پەرقلەندۇرۇش ئۇسۇلى ....................ئامانگۈل مەمەت (59)

## يېزا ئەدەبىيات ـ سەنئىتى

رۇبائىيلار ..............................پەزلىيە ئوبۇلھاشىم ئىقىن(60)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

# 农村科技

Rural Science & Technology

2014年第6期

总350期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。


## 栽培管理


韭菜苗移栽要点……艾克拜尔·买买提(1)

无公害蔬菜栽培措施……阿依夏木古丽·斯提瓦尔地等(2)

甜瓜套种红薯技术……艾乃吐力·尼米吐力(5)


## 土壤肥料


苹果施肥方法……阿依古丽·太外库丽(7)

利用化肥棉铃虫防治方法……阿依则姆古丽·玉苏普(9)

棉花专用肥施用要点……沙力木古丽·艾力(10)

西红柿缺素症状及防治方法……布热力汗·托合体(12)

秸秆还田注意事项……吐尼沙古丽·斯提瓦尔地(14)


## 园艺特产


枣树嫁接苗管理方法……布合力其·卡日(15)

美国酸梅嫁接栽培技术……阿力古丽·阿不都热合曼(16)

枣树抗旱栽培措施……怕提古丽·马木提(18)

苹果结果期栽培管理……木拉买提·阿吉买买提(19)

杏树全年栽培管理措施……卡来木汗·马纳莆(22)


## 植物保护


枣瘿蚊防治方法……努尔加玛丽·依斯拉木(26)

小麦锈病防治方法……吾斯曼·扎衣提(27)

棉花落花落铃防治措施……热比艳·亚森等(29)

甜瓜病毒病防治方法……热依汗古力·艾西丁(30)

棉花喷施缩节胺后管理……茹仙古丽·亚森等(31)

葡萄红蜘蛛防治方法……艾米迪古丽·阿布都热西提(33)

干热风对小麦危害及防治方法……玛依努尔·艾木都拉(34)

黄瓜高温生理障碍及防治方法……古力仙·塞米(35)

甜瓜蚜虫防治方法……吾热古丽·库尔班(37)

甜瓜地下害虫防治方法……阿斯木古丽·吾普尔(38)

黄瓜蔓枯病防治措施……阿依木尼沙·买买提明(40)

苹果病害防治方法……艾尔肯娜依·买买提江(42)

西瓜蔓枯病防治方法 ……………………… 热孜瓦古力·拖合提夏(44)
菠菜病毒病防治方法 ……………………… 肉孜古丽·阿布都卡德(45)

## 农田水利

灌区水量平衡计算方法 ……………………… 塔吉古·塞买提(46)

## 畜牧兽医

羔羊接产时应知要点 ……………………… 亚森·热合曼(47)
夏季保证蛋鸡产蛋量技术要点 ……………………… 铁木尔·依明(49)

## 农业机械

收割机操作注意事项 ……………………… 买买提阿吉·阿不力克木(51)

## 农经管理

退耕还林农户技术培训想法 ……………………… 阿依古丽·尕里等(53)

## 乡镇企业

加速建设企业发展热法 ……………………… 吾买尔·司马义(55)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ……………………… (58)

## 百科知识

蔬菜种子新陈识别方法 ……………………… 阿曼古力·麦麦提(59)

## 农村文艺

诗 ……………………… 帕孜丽亚·吾布力阿西木(60)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991-4505075
责任编缉：阿布来提·艾比布拉　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　刷：新疆新华印刷厂　定价：2.00 元
发　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 - 1095
国内统一刊号：CN 65 - 1046 / S - W
邮政代码：58 - 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# كۆدە مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

ئەكبەر مەمەت
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

كۆدە كۆپ يىللىق سامان غوللۇق كۆكتات بولۇپ، مايسا كۆچۈرۈپ تىكسە 5 ــ 6 يىلغىچە يۇقىرى مەھسۇلات ئالغىلى بولىدۇ ھەم بىۋاستە تېرىپ ئۆستۈرگەنگە قارىغاندا بالدۇر بازارغا چىقارغىلى ھەم يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

**1. ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش:** كۆدە مايسىسىنى تىكىشتىن 7 ــ 10 كۈن بۇرۇن، ھەر مو يەرگە 10 ــ 15 كۇبمېتىر ئۆستەڭ قۇمى، 3 ــ 4 كۇبمېتىر ئەلا سۈپەتلىك مەھەللىۋى ئوغۇتقا 50 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二胺) ئارىلاشتۇرۇپ بېرىپ، 25 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ تەكشىلەپ قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. يەر تاۋلانغاندا تىرنىلاپ يۇمشىتىپ تەكشىلەپ، مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك.

**2. كۆچۈرۈپ تىكىش:** پارنىك يېرىگە كۆدە مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىككەندە ئەتىيازدا يېتىشتۈرۈلگەن بولسا مايسا يېشى 90 ــ 100 كۈن ئەتراپىدا بولغان تىمەن مايسىلارنى تاللاپ، 6 ــ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 7 ــ ئاينىڭ باشلىرىغىچە كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك. كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بۇرۇن مايسا ئۈستىدىن 10 ــ 15 سانتىمېتىر، يىلتىز قىسمىنى 7 ــ 8 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ قايچا بىلەن تەكشى كېسىپ ئاندىن جەنۇب شىمال يۆنىلىشى بويىچە قۇر ئارىلىقىنى 18 ــ 20 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 10 ــ 12 سانتىمېتىر قىلىپ ھەربىر ئۆۋىگە 8 ــ 10 تۈپ مايسا كۆچۈرۈپ تىكىپ، قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك.

**3. قوشۇمچە ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش:** كۆدە مايسىسى ئەسلىگە كەلگۈچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغاچقا، پات ــ پات سۇغىرىش، كۆدە مايسىسى ئەسلىگە كەلگەندە سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەرگە 15 ــ 20 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات، 10 كىلوگىرام بىرىك-

# زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشتىكى مۇھىم تېخنىكىلىق تەدبىرلەر

**ئايشەمگۈل سېتىۋالدى**
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)
**مەھمۇد غېنى**
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن)

1. زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى ياخشى تاللاش كېرەك. زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يەرنىڭ مۇھىت تەلىپىگە ئاساسەن، بۇلغىنىش مەنبەسى بولمىغان زىيانسىز ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇپ، ئۆلچەملىك كۆكتات ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، كۆكتات سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك. (1) شۇ جاينىڭ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان، يۇقىرى ھوسۇللۇق، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىغا چىداملىق، ناچار شارائىتقا تاقابىلچانلىقى كۈچلۈك، سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاش كېرەك؛ (2) پەرۋىشنى كۈچەيتىپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللى-

---

مە ئوغۇت، 10 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇيۇلدۇرۇپ ئېقىتىپ بېرىش، كېيىنكى سۇلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ تولۇق چىرىگەن ئورگانىك يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇيۇق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، بالدۇر تۈپلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**4. ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىش:** مايسا كۆدە ئېتىزىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ، يەرنى چاغلاپ بوشىتىپ مايسىنىڭ تىمەن ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، بالدۇر بازارغا چىقىرىپ، يۇقىرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**5. كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** ئاساسلىقى كۆدە ئۆستۈرۈشتە پارنىكنىڭ تېمپېراتۇرىسى، يورۇقلۇق، نەملىك قاتارلىق تېخنىكىلىق باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش ھەم كېسەللىك، ھاشاراتلارنى بالدۇر بايقاپ، فىزىكىلىق، بىيولوگىيەلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش لازىم. (03)

نىش: مۇھەت تازىلىقىنى ياخشىلاپ، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىش، يالتىراق يوپۇق يېپىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يوپۇق ئاستىدىن سۇغىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نەملىك دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ (3) ئۇلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، مەسىلەن: كاۋا مايسىسىغا تەرخەمەك، قورۇما كاۋىسىنى ئۇلىغاندا سۇلىشىپ قۇرۇش كېسىلى، كۈلرەڭ پاختىلىشىش كېسەللىكىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

3. فىزىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كېسەللىك، ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. (1) تېرىشتىن بۇرۇن ئۇرۇقتىكى كېسەللىك باكتېرىيەلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن 2 ـ 3 كۈن ئاپتاپقا سېلىش، ئاندىن 55℃ لۇق سۇغا چىلاپ سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 30℃ كە چۈشكۈچە توختىماي ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن 10 مىنۇت تۇرغۇزۇپ ئۇرۇقنى سۈزۈپ ئېلىپ بىخلاندۇرۇش لازىم؛ (2) لاپاستا زىيانسىز كۆكتات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە يەنى يازلىق بوش ۋاقىتتا، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى 5 ـ 7 كۈن لاپاسنى ھىم يېپىپ، تېمپېراتۇرىنى ئۆرلىتىپ، تۇپراقتىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىش كېرەك؛ (3) زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ چىراغ نۇرى، رەڭ ۋە پۇراققا ئىنتىلىشچانلىقىدىن پايدىلىنىپ، سېرىق تاختا، چاستوتىلىق تەۋرەنمە چىراغ، جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمۇنى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك.

4. بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلىنى پائال ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. پىلە قۇرتى باكتېرىيەسى (白僵菌)، سۇرىنگېن تاياقچە باكتېرىيەسى (苏云金杆菌) قاتارلىق باكتېرىيەلەردىن پايدىلىنىپ ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قىزىل كۆز ھەرە، يەتتە چېكىتلىك خانقىز قاتارلىق ھاشاراتلاردىن پايدىلىنىپ يوقىتىش، دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلى-

دىغان ستىرېپتومىتسىن (农用链霉素)، كۆپ ئوكسىگېنلىق مىتسىن (多阳霉素) قاتارلىق باكتېرىيەلەردىن پايدىلىنىپ باكتېرىيەلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**5. مۇۋاپىق ھالدا خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش كېرەك.** كۆكتاتلارغا ئۆتكۈر زەھەرلىك، قالدۇقى يۇقىرى دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ، بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىسى، يېشىل كۆكتات يېمەكلىكلىرى مەخسۇس دېھقانچىلىق دورىسى قاتارلىقلارنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھىرى تۆۋەن، دېھقانچىلىق دورا قالدۇقى تۆۋەن بولغان دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىپ، دېھقانچىلىق دورىسىنى بىخەتەر ئىشلىتىش ئۆلچىمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دورا ئىشلىتىش قېتىم سانى، قويۇقلۇقى ۋە بىخەتەر دورا ئىشلىتىش دەۋرلىنىش ئارىلىقىنى كونترول قىلىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، ئالدىن مەلۇمات بېرىپ، كېسەللىك، ھاشارات پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىش كېرەك.

6. ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. رېتسىپلىق ئوغۇتلاشنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ياخشى ئېچىتىلغان ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش، فوسفورلۇق ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارىنى كونترول قىلىش كېرەك.

7. ئىشلەپچىقىرىدىغان جاينىڭ سۈپەت، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. قاتتىق نازارەت قىلىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى بولمىغاندا، زىيانسىز كۆكتاتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مۇكەممەل بولغان سۈپەت بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش ـ يېڭى دەۋر كۆكتاتچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر. (02)

# قوغۇن بىلەن تاتلىق بەرەڭگىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى

ئەنەيتۇل نەمتۇل
(توقسۇن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

**1. قوغۇن:** (1) تېرىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق: بوراندىن دالدىلىنالايدىغان، ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى، سىغىر تۇپراقنى تاللاپ، كۈزدە چوڭقۇر ئاغدۇرۇش كېرەك. يەرنى تۈز، تەكشى، يۇمشاق، پاكىز، نەملىكى ياخشى بولۇش قاتارلىق بەش ئۆلچەمگە يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. (2) ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش: سورت تاللىغاندا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، بالدۇر پىشىدىغان «شىنجاڭ قوغۇنى ـ 36»، «غەربىي يۇرت ـ 25» قاتارلىق ئەلا سورتلارنى تالالاش لازىم. ئىككى ئۆلۈش قايناق سۇغا بىر ئۆلۈش سوغۇق سۇ قوشۇپ قول كۆيمىگىدەك ئىلمان سۇ تەييارلاپ ئۇرۇقنى چىلاپ، 15 مىنوت ئەتراپىدا توختىماستىن ئارىلاشتۇرۇپ، سالقىن جايدا 2 ـ 3 سائەت تەبىئىي قۇرۇتىلىدۇ. (3) يالتىراق يوپۇق يېپىش: كەڭلىكى 1.4 مېتىرلىق يوپۇق ئاستىغا ئىككى قۇر تېرىلىدۇ. يالتىراق يوپۇق يېپىش، تېمىتىپ سۇغىرىش بەلبېغىنى ئىككى قۇر ياتقۇزۇش قاتارلىقلار بىر قېتىمدىلا ماشىنا ئارقىلىق تاماملىنىدۇ. قوغۇن كەڭ، تار قۇرنى 300ـ350×100 سانتىمېتىر قىلىپ تېرىلىدۇ، تېمىتىپ سۇغىرىش بەلبېغىنىڭ ئۆزئارا ئارىلىقى بىر مېتىر بولسا بولىدۇ. ئىشلىتىدىغان يوپۇق ئۆلچىمى0.08+0.03 × 1400 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. (4) تېرىش ۋە پەرۋىش قىلىش: ئەتىيازدا تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 15℃ بولغاندا تېرىلىدۇ، تېرىشتا يوپۇق ئۈستىدىن تۆشۈك ئېچىپ تېرىلىدۇ، تۈپ ئارىلىقى 40 ـ 45 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ، تېرىش چوڭقۇرلۇقىنى 2 ـ 3 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەربىر يوپۇققا ئىككى قۇر تېرىلىدۇ. ھەر بىر ئۇۋىغا 2 ـ 3 تال ئۇرۇق سېلىنىدۇ، ھەر مو يەرگە 10 ـ 80 گىرام ئۇرۇق تېرىلىدۇ ھەر مودىكى تۈپ سانى 800 تۈپ ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ، تولۇقلاپ تېرىش، مايسا شالاڭلىتىش، مايسا مۇقىملاش، چاغلاش، ئوتاش، پەلەك باشقۇرۇش، پەلەك رەتلەش، خەمەك قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىش لازىم. (5) سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: قوغۇن پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ھەر مو يەرگە 300 ـ 350 مېتىر كۇپ سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، مايسا مەزگىلىدە تۇپراق نەملىكى %65 بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، خەمەكلەش مەزگىلىدە %80، خەمەك يوغىناش مەزگىلىدە %85 بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ، ھەر قېتىم سۇغارغاندا 1 ـ

0.5 كىلوگىرام ئوغۇت بېرىش كېرەك، ھاۋا ئىسسىغان مەزگىللەردە كېـ-چىسى سۇغىرىش، قوغۇن پىشىشتىن 7 ـ 10 كۈن بۇرۇن سۇغارماسلىق لازىم. (6) كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ئاسا-سلىق كېسەللىكلەردىن پەلەك قۇرۇتۇش كېسىلى، يىلتىز چىرىش كېسە-لى، ئاق تۇزان كېسىلى قاتارلىقلار بار. بۇ خىل كېسەللىكلەر تۆۋەن تېمـ-پېراتۇرا، يۇقىرى نەملىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا تۇپراق نەملىكىنى كونترول قىلىش، تۇپراق تېمپېراتۇرىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

يەر يولۋىسى، يىڭنىسىمان سېرىق قۇرت، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار قوغۇنغا زىيان سالىدۇ. يىڭنىسىمان سېرىق قۇرت بىلەن يەر يول-ۋىسى مايسا مەزگىلىدە زىيان سالىدۇ. شۇڭا 200 گىرام فوكسىم (辛硫磷) غا 100 كىلوگىرام ئۇرۇقنى ئارىلاشتۇرۇش ياكى 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نى ئۇرۇق ئېغىرلىقىنىڭ 0.3% بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغاندا بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. كۆك پىت ، قىزىل ئۆمچۈك قاتارلىقلارغا مەخ-سۇس دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىپ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك.

**2. سۆسۈن تاتلىق بەرەڭگى:** (1) سورت تاللاش ۋە مايسا يېتىشتۈ-رۈش: سورت تاللىغاندا كىسەلگە چىداملىقى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولغان «نىڭ زىشۇ ـ 1»، «نىڭ زىشۇ ـ 3» قاتارلىقلاردىن مايسا يېتىشتۈرۈش لازىم، مايسا يېتىشتۈرۈش پارنىكتا ئېلىپ بېرىلىدۇ، مايسا مەزگىلىدە ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا دىققەت قىلىش، سىرتقى مۇھىتقا ماسلىشىشقا شارائىت يارىتىپ بېرىش، مايسا 25 سانتىمېتىر ئۆسكەندە كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك، تىككەندە ئىككى قۇر قوغۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر قۇر، تۈپ ئارىلىقىنى 25 ـ 30 سانتىمېتىر قىلىپ، ھەر مو يەرگە 600 تۈپ مايسا تىكىلىدۇ. (2) پەرۋىش قىلىش: مايسىلار 80 ـ 100سانتىمېتىر ئۆسكەندە ئاساسىي پەلەكنىڭ ئۇچى ئۈزۈلۈپ يان پەلەكنىڭ ئۆسۈشى تېز-لىتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوت ئوتاش، پەلەكلەرنى قوزغىتىش ئۇ-سۇللىرىنى قوللىنىش لازىم بۇ مەشغۇلات 2 ـ 3 قېتىم ئېلىپ بېرىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ. تاتلىق بەرەڭگى پەلەكلىرى 80 سانتىمېتىر ئۆسكەندە خىمىيەلىك كونترول قىلىش، يەنى ھەرمو يەرگە كۆپ ئۈنۈملۈك ئازول

# ئالمىلىق باغلارنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

ئايگۈل تەۋەككۈل
(يوپۇرغا ناھىيە يوپۇرغا بازارلىق ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 844400)

نورمال ئەھۋالدا ھەر مو يەرگە 1000 ـ 2000 كىلوگىرام مەھەللىۋى ئوغۇت بېرىش ئاساسىدا، يەنە ھەر 100 كىلوگىرام ئالما ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ساپ ئازوتتىن 1 ـ 2 كىلوگىرام، ساپ فوسفوردىن 2 ـ 3 كىلوگىرام، ساپ كالىيدىن 3 ـ 4 كىلوگىرام بېرىش كېرەك. ئادەتتە دەرەخ يېشى ۋە تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددا مىقدارىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، دەرەخكە بېرىلىدىغان ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنىڭ نىسبىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بۇلارنى ئوخشاش بولمىغان نىسبەتتە ئىشلەتكەندە، دەرەخ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ سۈمۈرۈش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئەلا سۈپەتلىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

**1. ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش:** ئادەتتە 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە يەرنى كۈزدە مېۋىلەر يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاساسىي ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشى كۈچىيىپ، زەخمىلەنگەن يىلتىزلارمۇ ناھايىتى تېز ئەسلىگە كېلىدۇ. بۇ چاغدا ھاۋا تېمپېراتۇرىمۇ بىرقەدەر يۇقىرى بولغاچقا، ئوغۇت ئاسان چىرىپ پارچىلىنىدۇ. ئەگەر كۈزدە ئوغۇتلاپ بولالمىسا، كېلەر يىلى ئەتىيازدا دەرەخ بىخلىنىشتىن ئىلگىرى سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. لېكىن ئەتىيازدا ئوغۇتلاشنىڭ كۈزدە ئوغۇتلىغاندەك ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. ئالمىلىق

---

(多效唑) دىن 25 ـ 30 گىرام، سۇدىن 15 كىلوگىرام تەييارلاپ ھەر بەش كۈندە بىر قېتىمدىن جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈگەندە يەر ئۈستى قىسمىنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، يەر ئاستى قىسمىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (3) يىغىۋېلىش: تاتلىق بەرەڭگىنى بەك بالدۇر يىغىۋالسا مەھسۇلاتى ئاز بولۇپ قالىدۇ، بەك كېيىن يىغىۋالسا تاتلىق بەرەڭگى تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۆز جايىنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا، بازار ئەھۋالىغا قاراپ يىغىۋېلىش لازىم، ئادەتتە 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ئاخىرلىرى يىغىۋېلىنىدۇ. (03)

باغلارنى قوتان قىغى، يېشىل ئوغۇت (شاخ ـ شۇمبا، ئوت ـ چۆپ، غازاڭ) لار بىلەن ئوغۇتلاش ھەم تېز ئۈنۈم بېرىدىغان خىمىيەلىك ئوغۇتلارنى ماسلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

**2. قوشۇمچە ئوغۇتلاش:** ئادەتتە ئالما باغلارغا ھەر يىلى 2 ـ 4 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بېرىلىدۇ. ئالما دەرىخى بىخلىنىپ چېچەكلەش ئالدىدا ئوغۇتلىنىدۇ. ئادەتتە ئالما دەرىخى بىخلىنىش ۋە چېچەكلەش مەزگىلىدە كۆپ مىقداردا ئوزۇقلۇق تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا چېچەك تۆكۈلۈپ كېتىشىنى ئازايتىش، يېڭى نوتىلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، چېچەكلەشتىن 1 ـ 2 ھەپتە بۇرۇن تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق، فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. چېچىكى توزۇپ غورىلاش مەزگىلىدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا فوسفورلۇق ئوغۇت قوشۇپ ئوغۇتلىسا، مېۋىلەرنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتقىلى، يېڭى نوتىلارنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلەتكىلى، مېۋە ھۆجەيرىلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە يوپۇرماقلارنىڭ بىرىكتۈرۈش رولىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ئالما دەرىخى 6 ـ ئايدا فىزىيولوگىيەلىك مېۋە تۆكۈلۈشتىن كېيىن بىر قېتىم ئوغۇتلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى بىرلەشتۈرۈپ بېرىش ئارقىلىق، گۈل بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېۋىسىنى ياخشى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. يېڭى نوتىلارنىڭ ئۆسۈشى توختاپ، مېۋىلەر تېز سۈرئەتتە يوغىناۋاتقان مەزگىلدە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئازوتلۇق ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلىغاندا، مېۋىلەرنىڭ يوغىنىشىنى تېزلىتىپ مەھسۇلات ۋە سۈپىتىنى يۇقىرىلىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. كۈزلۈك نوتىلار ئۆسۈشتىن توختىغاندىن كېيىن ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەندە تېز ئۈنۈملۈك فوسفورلۇق، كالىيلىق ئوغۇتلارنى ئاساس قىلىپ، ئازوتلۇق ئوغۇتنى بىرلەشتۈرۈپ ئوغۇتلىغاندا، يوپۇرماقلارنىڭ كېيىنكى مەزگىلدىكى فۇنكسىيەسىنى كۈچەيتىپ، دەرەخ تېنىدە ئوزۇقلۇقلارنىڭ جۇغلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوغۇققا چىداملىقىنى كۈچەيتىپ، گۈل بىخىنىڭ توق بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى ۋە كېلەر يىلقى مول ھوسۇلغا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ. (05)

# خىمىيەۋى ئوغۇت ئارقىلىق كېۋەز غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئايزىمگۈل يۇسۇپ
(ئۇنسۇ ناھىيە ئۇنسۇ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843100)

ئۇزۇن يىللىق كېۋەز ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە بەزى خىمىيەۋى ئوغۇتلارنىڭ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش رولىنى ئوينايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بۇلارنىڭ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى ئوغۇتلاردىن ئىبارەت.

1. كېۋەزگە كالتسىي سۇپېرفوسفات (过磷酸钙) ئوغۇتىنى يوپۇرماققا پۈركۈسە غوزا قۇرتى فوسفور ئېلېمېنتىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ - دە، شۇ ئېتىزدا غوزا قۇرتى قايتا كۆپىيەلمەيدۇ.

2. ئادەتتە كېۋەزگە سىلتسىي تۇردىكى ئوغۇتلارنى يوپۇرماققا پۈركۈسە، كېۋەز تۈپىنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى ھۈجەيرىلەرنى سىلىقلاشتۇرۇپ قويىدۇ - دە، غوزا قۇرتى سىلىق پوستىدىن ھەرگىز ئۆتەلمەي، زىيان سېلىشى يېنىكلەيدۇ.

3. ئاممونىي ھىدرو كاربونات (碳酸氢铵)، ئاممىياك سۈيى (氨水) قاتارلىق ئوغۇتلارنى ئاز مىقداردا سۇيۇلدۇرۇپ، يوپۇرماققا پۈركۈسە، كېۋەز تىرىپسى، كېۋەز پىتى قاتارلىق بەزى تەن شەكلى كىچىك، چىدامچانلىقى ئاجىز بولغان زىيانداش ھاشاراتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

4. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: خىمىيەۋى ئوغۇت ئارقىلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ، ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. مەسىلەن، كالتسىي سۇپېرفوسفات ئارقىلىق غوزا قۇرتىنى يوقىتىشتا، غوزا قۇرتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە ياشاش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن كېۋەزنى ئوغۇتلاش كېرەك، يەنى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئاينىڭ باشلىرىغىچە غوزا قۇرتىنىڭ 2 -، 3 -، 4 - ئەۋلادى پەيدا بولۇش مەزگىلىدە كالتسىي سۇپېرفوسفات بىلەن ئوغۇتلىسا، بۇ دەل غوزا قۇرتىنىڭ فوسفوردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشچانلىقى كۈچىيىدىغان ۋە كۆپلەپ تۇخۇم سالىدىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە كېۋەز مايسىسىنى 1% لىك كالتسىي سۇپېرفوسفات سۈيۈقلۇقى بىلەن يىلتىز سىرتتىن ئاز - ئازدىن، كۆپ قېتىم ئوغۇتلىغاندا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، غوزا قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (05)

# كېۋەز مەخسۇس ئوغۇتىنى ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

سەلىمگۈل ئەلى
(پىچان ناھىيە دوغبازا يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838200)

تەيۋو (台沃) ماركىلىق كېۋەز مەخسۇس ئوغۇتىنى تەيۋو شىركىتى شىنجاڭنىڭ كېۋەزلىك تۇپرىقى، كىلىمات، ئۆستۈرۈش ئالاھىدىلىكى، ئوغۇتلاش تېخنىكىسى، ئوغۇتلاش سەۋىيەسى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان سۇدا تولۇق ئېرىيدىغان كېۋەزگە يۇكسەك دەرىجىدە مەخسۇسلاشتۇرغان بىرىكمە ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. تەركىبىدە 40% ئازوت، فوسفور، كالىي بولۇپلا قالماستىن، يەنە كېۋەز ئېھتىياجلىق كالتسىي، ماگنىي، گۈڭگۈرت، تۆمۈر، سىنىك، مىس، مانگان، مولىبدېن، خىلور قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلار مول بولۇپ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەڭشەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلات ئېلىشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. كېۋەزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، كېۋەزنىڭ ئوغۇتقا كىرىتىك مەزگىلى، مايسا مەزگىلى، غۇنچىلاش مەزگىلى، چېچەكلەش، غوزىلاش مەزگىلىدىكى ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، تەكشى، تىمەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى، سۈپەتلىك مەھسۇلات ئېلىشقا ئاساس سالىدۇ. ئىشلىتىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

**1. تەيۋو ماركىلىق مەخسۇس ئوغۇت:** كۈزدە يەرنى ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر موغا 20 كىلوگىرام تەيۋو ماركىلىق مەخسۇس ئوغۇتنى ئاساسىي ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئاساسىي ئوغۇت بېرىلمىگەن بولسا ئۆسۈش مەزگىلىدە ئەمەلىي ئوغۇتلاش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر موغا 70 ـ 90 كىلوگىرام تەيۋو كېۋەز مەخسۇس ئوغۇتىنى تېمىتىپ بەرسە بولىدۇ. كۈزدە ئاساسىي ئوغۇت بەرگەن بولسا، ئۆسۈش مەزگىلىدە ئەمەلىي ئوغۇتلاش ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر موغا 60 ـ 80 كىلوگىرام تەيۋو مەخسۇس ئوغۇتىنى تېمىتىپ بېرىش لازىم.

**2. مايسا ئوغۇتى:** تېمىتىپ سۇغىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كېۋەزنى كەڭ يوپۇقتا تۆت قۇر تېرىپ ئىككى تال تۇرۇبا ياتقۇزۇپ، ئەت تۇپراق، يېنىك سېغىز تۇپراقلاردىكى ھەر مو مايسىنى 10 ـ 15 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك كەڭلىكتىكى يوپۇقتا تۆت قۇر كېۋەز تېرىپ بىر تال تۇرۇبا ئارقىلىق تېمىتىپ سۇغارسا ھەر مو يەرنى 20 ـ 25 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر موغا 2 ـ 3 كىلوگىرام تەيۋو تېمىتىش ئوغۇتىنى تېمىتىپ بېرىش كېرەك.

**3. غۇنچىلاش ئوغۇتى:** غۇنچىلاش مەزگىلىدە تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ئۈچ قېتىم تېمىتىپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ. بىرىنچى قېتىم غۇنچىلاپ 10 كۈندىن كېيىن

ھەر مونى 15 ـ 20 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ، 4 ـ 5 كىلوگىرام تەيۋو تېمىتىش ئوغۇتى بەرسە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 8 ـ 10 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم ھەر مونى 15 ـ 20 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ، 5 ـ 6 كىلوگىرام تەيۋو تېمىتىش ئوغۇتى بەرسە بولىدۇ. ئۈچىنچى قېتىم چېچەكلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھەر مونى 20 ـ 25 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ، 6 ـ 7 كىلوگىرام تەيۋو تېمىتىش ئوغۇتى بېرىش لازىم.

**4. چېچەكلەپ غوزىلاش ئوغۇتى:** چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە ھەر 5 ـ 9 كۈندە بىر قېتىم، جەمئىي 6 ـ 7 قېتىم، ھەر قېتىمدا ھەر مو يەرنى 15 ـ 25 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ، 7 ـ 9 كىلوگىرام تەيۋو تېمىتىش ئوغۇتى بېرىش كېرەك. 8 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرىدا ئوغۇتلاش مىقدارىنى تەدرىجىي ئازايتىش، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئوغۇتلاشنى توختىتىش كېرەك. چېچەكلەپ غوزىلاش مەزگىلىدە سۇ، ئوغۇتقا ئېھتىياجى كۆپىيىدۇ. ئەمما بىر قېتىمدىلا كۆپ سۇغىرىۋەتمەسلىك، ھەر قېتىمدا ھەر مونى تېمىتىپ سۇغىرىش مىقدارىنى 30 كۇب مېتىردىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

**5. پاختا ئېچىلىش ئوغۇتى:** پاختا ئېچىلىش مەزگىلىدە سۇغىرىشنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش، كۆزلۈك غوزىلارنىڭ ئېچىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سۇغىرىشنى بەك بالدۇر توختىتىۋەتمەسلىك ۋە ھەر مونى 15 كۇب مېتىر سۇ بىلەن تېمىتىپ سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، ئادەتتە پاختا ئېچىلىش مەزگىلىدە ئوغۇتلىمىسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر قۇمساق تۇپراققا تېرىلغان بولسا، ئوغۇتسىراش ئالامىتى كۆرۈلسە، ھەر مونى تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۇرۇپ ئۈچ كىلوگىرام تەيۋو تېمىتىش ئوغۇتى بىلەن تېمىتىپ ئوغۇتلاش كېرەك.

**6. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** (1) ئۆز جايىنىڭ تۇپراق، كىلىمات ئەھۋالى، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئاساسىي ئوغۇت بېرىش مىقدارى، نىشاندىكى پاختا مەھسۇلاتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، تېمىتىپ ئوغۇتلاش ۋاقتى، تېمىتىپ ئوغۇتلاش مىقدارى، تېمىتىپ سۇغىرىش مىقدارىنى بەلگىلەش كېرەك؛ (2) كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (3) خىمىيەۋى ئوغۇتلارغا تايىنىۋېلىشتىن ساقلىنىپ، ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش كېرەك؛ (4) ئاجىز ئۆسكەن بولسا ئوغۇتلاش مىقدارىنى كۆپەيتىش كېرەك. باراقسان ئۆسكەن ياكى بويىغا زورلاپ ئۆسكەن بولسا ھەر مو يەرگە 5 ـ 8 كىلوگىرام كالىي سۇلفات ۋە يوپۇرماق ئوغۇتى بېرىپ ئۆسۈشنى تەڭشەش كېرەك. (05)

# شوخلىدىكى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇلى

بۇرىلخان توختى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

شوخلا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا كۆپ خىل ئوزۇقلۇق ماددىلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم ماددا كەم بولسا شۇنىڭغا ماس ھالدا ماددا كەملىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، مەھسۇلات ۋە سۈپىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**1. ئازوت:** شاخلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستىلاپ، دەسلەپكى مەزگىلدە قېرى يوپۇرماقلار ساغۇچ يېشىل بولۇپ، كېيىنكى مەزگىلدە يوپۇرماق سۇس يېشىل، قېرى يوپۇرماق كىچىك ئىنچىكە، تىك بولۇپ قالىدۇ. يوپۇرماق تومۇرى ساغۇچ يېشىلدىن قېنىق بىنەپشە رەڭگە كىرىپ، غولى قېتىپ، مېۋىسى كىچىكلەيدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە 10 ـ 15 كىلوگىرام چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتقا ئاممونىي ھىدرو كاربونات (碳酸氢铵) ياكى ئورىيا (尿素) ئارىلاشتۇرۇپ، مايسىنىڭ ئىككى يېنىغا كۆمۈپ بېرىپ، سۇغىرىش ياكى 0.2% لىك ئاممونىي ھىدرو كاربونات ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك.

**2. فوسفور:** دەسلەپكى مەزگىلدە قىزغۇچ بىنەپشە رەڭ پەيدا بولۇپ، يوپۇرمقتا بېغىررەڭ داغلار پەيدا بولىدۇ ۋە يوپۇرماق قېرىيدۇ. يوپۇرماق ئۇچى قارا رەڭلىك بولۇپ قۇرۇپ، يوپۇرماق تومۇرلىرى ئاستا ـ ئاستا قىزغۇچ بىنەپشەرەڭگە ئۆزگىرىدۇ. غولىدا تالالار پەيدا بولۇپ مېۋىلىشى كېچىكىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە مايسا مەزگىلىدە ياكى مايسا تىكىش مەزگىلىدە فوسفورلۇق ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاش ياكى 0.2% ـ 0.3% لىك كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢铵) ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك.

**3. كالتسىي:** شاخلار ئاجىزلاپ، قورۇلۇپ يوپۇرماق ئەتراپى سارغىيىپ، ئېغىر بولغاندا يوپۇرماق قۇرۇيدۇ، غولنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى

يوپۇرماقتا قارا قوڭۇر رەڭلىك داغ پەيدا بولۇپ، قالغان قىسمىدىكى يوپۇرماق پۈتۈنلەي قورۇلىدۇ، يىلتىزى تەرەققىي قىلمايدۇ، مېۋىسىدە كىندىك چىرىش كېسىلى كۆرۈلىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە پەمىدۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە كېسەللىك بايقىلىشتىن بۇرۇن، مۇۋاپىق مىقداردا ئۆچۈرۈلگەن هاك ياكى 0.3% ـ 0.5% لىك كالتسىي خلور (氯化钾) ئېرىتمىسىنى هەر 3 ـ 4 كۈندە 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك.

**4. ماگنىي:** تۆپ ئاستىدىكى قېرى يوپۇرماقلار يېشىللىقىنى يوقىتىپ، يوپۇرماق ئالا بولۇپ قالىدۇ. ئېغىرلاشقاندا يوپۇرماق گىرۋىكى قورۇلۇپ، يوپۇرماق تومۇرى ئارىسىدا داغلار پەيدا بولۇپ، يوپۇرماق قۇرۇپ ئاخىرىدا پۈتۈن غول سارغىيىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېسەللىك كۆرۈلگەن هامان 1% ـ 3% لىك ماگنىي سۇلفات (硫酸镁) ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك.

**5. بور:** ئەڭ روشەن ئالامىتى: يوپۇرماق يېشىللىقىنى يوقىتىپ ياكى سارغۇچ يېشىل هالەتكە كېلىدۇ. ئۆسۈشى توختاپ قارىداپ، ئېغىرلاشقاندا ئۆسۈشى توختاپ قورۇلۇپ نابۇت بولىدۇ. غول بىلەن يوپۇرماق ساپىقى ئاجىزلاپ يوپۇرماق تۆكۈلىدۇ. يىلتىز تەرەققىياتى ياخشى بولماي قارىداپ، ئوڭايلا غەيرىي مېۋىلەر پەيدا بولىدۇ، مېۋە شالاڭلاپ كۆلرەڭ داغلار پەيدا بولىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە 0.1% ـ 0.2% لىك دانىكا (硼砂) ئېرىتمىسىنى هەر 5 ـ 7 كۈندە، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك.

**6. مانگان:** كېسەللىك يوپۇرماقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياكى قېرى يوپۇرماقلاردا سۇس يېشىل هالەتتە كۆرۈلىدۇ. يۇمران يوپۇرماقلار يېشىللىقىنى يوقىتىدۇ، يوپۇرماقتا تورسىمان سىزىقچىلار پەيدا بولىدۇ. يوپۇرماق تومۇرى يېشىللىقىنى يوقىتىپ سارغىيىدۇ. مۇشۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلسە 1% لىك مانگان سۇلفات (硫酸锰) ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا پۈركۈش كېرەك. (05)

# شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

تۇنساگۈل سېتىۋالدى
(كورلا شەھىرى قارايۇلغۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرغاندا تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى كۈچەيتىپ، ھوسۇلنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە مەشغۇلات قىلمىسا ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۈنۈش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، مايسا سارغىيىپ ھەتتا مايسا قۇرۇپ كېتىش قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

1. شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرغاندىن كېيىن، تۇپراقتا ئازوت كەمچىل بولۇش ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، مىكرو جانلىقلار بىلەن زىرائەتلەر ئازوت تالىشىش سەۋەبىدىن، شاخ ـ شۇمبىنىڭ پارچىلىنىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، زىرائەتلەرگە ئازوت يېتىشمەسلىك، مايسا سارغىيىش، ئاجىزلاش ۋە ئۆسۈشى ناچارلىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شاخ ـ شۇمبىنى ئۇششاقلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا 50 كىلوگىرام ئاممونىي خىدرىت (氯氨) ياكى 20 كىلوگىرام ئورىيا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئېتىزغا چېچىپ يەرنى ئاغدۇرۇش كېرەك.

2. شاخ ـ شۇمبىنى ئۇششاقلاش ئۆلچەمگە يەتمىگەندە 10 سانتىمېتىردىن ئۇزۇن بولسا، يەر ئاغدۇرۇشقا، ئۇرۇق سېلىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن قۇۋۋىتى يۇقىرى ئۇششاقلاش ماشىنىسىنى ئىشلىتىپ، شاخ ـ شۇمبىنى بەش سانتىمېتىر ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك ئۇششاقلاپ، ئاندىن ئېتىزغا چېچىپ، چوڭقۇرراق ئاغدۇرۇپ تۇپراققا تەكشى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك.

3. شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرغاندىن كېيىن، تۇپراق بوشاپ كەتسە ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، يىلتىز تارتماسلىق ھەتتا يىلتىز ئېچىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەرنى ئازوت، فوسفور، كالىي ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلاش؛ تۇپراق نەملىكىنى مۇۋاپىق ساقلاش؛ ئۇرۇق سېلىش ئۆلچەملىك بولۇش؛ مۇۋاپىق ۋاقىتتا قاندۇرۇپ سۇغىرىش كېرەك. ئۇرۇق سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئېتىزنى بىر كۈن ئاپتاپقا سېلىپ، ئاندىن تولۇق سېلىپ مۇۋاپىق چىڭداش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن يەنە، كېسەللىك مەنبەسىنى يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن كېسەل تەگكەن شاخ ـ شۇمبىلارنى بىۋاسىتە ئېتىزغا قايتۇرماسلىق، ئۇنى دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈپ ياكى ئېچىتىپ بىر تەرەپ قىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم. (05)

# ئۆلانغان چىلان كۆچىتىنى بېرۆش قىلىش ئۇسۇلى

بۇخەلچەم قارى
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. بىخ سىرىش:** چىلان ئۇلىنىپ 10 كۈندىن كېيىن ئۇلاق تۇۋىدىن بىخ ۋە نوتىلار ئۆسۈپ چىقىپ، ئۇلاق ئۇستى بىلەن بوشلۇق، ئوزۇقلۇق تالىشىپ، ئۇلاقلىقنىڭ تۇتۇشىغا ۋە نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ئۇلانغان ئورۇننىڭ ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان بىخ ۋە نوتىلارنى ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم يۇتاش لازىم.

**2. تېڭىقنى يېشىۋېتىش:** ئۇلاق ئۇستى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەندە يارا ئېغىزى تولۇق يۇتۇشۇپ بولىدۇ، شۇڭا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۇلانغان ئورۇندىكى تېڭىقنى يېشىۋېتىش كېرەك. ئەگەر تېڭىقنى ۋاقتىدا يېشىۋەتمىسە ئۇلاق ئۇستى بوران ـ شامالدا ئاسانلا يېرىلىپ كېتىدۇ، بەك كېچىكىپ يېشىۋەتسە تېڭىق دەرەخنى بوقۇرۇپ، بوران ـ شامالدا ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ.

**3. ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش:** كۆچەت 20 ـ 30 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ھەر مو يەرگە 10 ـ 15 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بېرىپ سۇغىرىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**4. تېرەك قويۇش:** ئۇلاق ئۇستى 10 ـ 15 سانتىمېتىر ئۆسكەندە بىر مېتىر ئەتراپىدا تېرەك قويۇپ باغلاپ، بوران ـ شامالدا سۇنۇپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** كۆچەت ئۆسۈۋاتقان مەزگىلدە قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىق كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش ئۈچۈن، %73 لىك دىكوفول (三氯杀螨醇) دورىسىنى 2000 ھەسسە ياكى %20 لىك مىيوتىرىن (灭扫利) نى 2500 ـ 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك.

**6. ئۇچىنى ئۈزۈش:** ئۇلاق ئۇستى 60 ـ 80 مېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەن-

# ئامېرىكا قارا ئۆرۈكىنى ئۇلاپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئالىگۈل ئابدۇراخمان
(ئاۋات ناھىيەلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 843200)

**1. ئامېرىكا قارا ئۆرۈكى ھەققىدە چۈشەنچە:** ئامېرىكا قارا ئۆرۈ- كىنىڭ مېۋىسى كۆركەم، دانىسى چوڭ بولۇپ، بالدۇر پىشىدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، ھوسۇل بېرىش ۋاقتى ئۇزۇن، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ئىق- تىسادىي قىممىتى يۇقىرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، يوپۇرماق تاشلايدىغان، ئېگىز غوللۇق مېۋىلىك دەرەخ بولۇپ، ۋىلايىتىمىزنىڭ باغ- ۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

**2. ئامېرىكا قارا ئۆرۈكىنىڭ سورتلىرى:** ناھىيەمىزدە ئۆستۈرۈ- لۈۋاتقان ئامېرىكا قارا ئۆرۈكى، مېۋىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، رەڭگى- نىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار دىنىزاۋۇر تۇ- خۇمى شەكىللىك ئامېرىكا قارا ئۆرۈكى، پۇراقلىق خانىش ئامېرىكا قارا ئۆرۈ- كى بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئارا چاڭلاشتۇرغۇچى سورت قىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

---

دە ئۇچىنى ئۈزۈپ، نوتا ۋە شاخلارنىڭ پىشىشىنى ۋە تولىلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈشكە ئاساس سېلىش كېرەك. ئۇچىنى قانچە بالدۇر ئۈزسە چېچەك بىخى شۇنچە بالدۇر شەكىللىنىدۇ. ئەمما ئۇچىنى ئۈ- زۈشتە ئۇلاقتىن ئۆسۈپ چىققان چوقىقا بىخنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن 8 ـ 10 سانتىمېتىرغىچە ئىككىلەمچى شاخنى قالدۇرۇپ ئۇچىنى ئۈزۈش كېرەك. ئۇنداق قىلمىسا 2 ـ يىللىق مەھسۇلاتقا، دەرەخ شەكلىگە ۋە چاتاشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**7. كۆچەتلەرنى كۆچەتخانىدىن چىقىرىش:** كۈز پەسلى يوپۇرماق تاشلىغاندىن كېيىن ياكى 2 ـ يىلى باش ئەتىيازدا ئۆلچەمگە يەتكەن ئۇلاند- غان كۆچەتلەرنى كۆچەتخانىدىن ۋاقتىدا چىقىرىش كېرەك. ئاۋۋال كۆچەتنى قومۇرۇشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى بىر قېتىم سۇغىرىش، كۆچەتنى قومۇر- غان ۋاقىتتا يىلتىزنى كۆپرەك ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئورەكنى چوڭراق كولاپ قومۇرۇش كېرەك. (03)

**3. ئامېرىكا قارا ئۆرۈكىنى ئۇلاش:** ئۆرۈك كۆچىتى ۋە قارا ئۆرۈك كۆچىتى ئۇلاق ئاستى قىلىنىدۇ. ناھىيەمىزدە ئادەتتە شاخ ئۇلاق ئۇسۇلى قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئادەتتە 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە شاخ ئۇلاق، 6 ـ ئاينىڭ باش ـ ئوتتۇرىلىرىدا بىخ ئۇلاق قىلىنىدۇ.

**4. ئۇلانغان كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىش:** (1) ئۇلاقنى تەكشۈرۈش ۋە تولۇقلاپ ئۇلاش: ئەتىيازلىق ۋە يازلىق ئۇلاقنىڭ تۇتۇش ئەھۋالىنى ئۇلاپ 10 ـ 15 كۈندىن كېيىن تەكشۈرۈپ، تۇتمىغانلىرىنى قايتا ئۇلاش كېرەك؛ (2) ھارام شاخلىرىنى پۇتاش: ئامېرىكا قارا ئۆرۈكىنى ئۇلاپ ئۇلاق ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان ھارام شاخلارنى كېسىۋېتىش، ئادەتتە ھارام شاخلىرىنى ھەر يىلى 3 ـ 4 قېتىم پۇتىسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ (3) ئۇچىنى ئۈزۈش: ئۇلانغان كۆچىتى 50 ـ 60 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ئۇچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق، ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ ياغاچلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش ۋە ئۈششۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (4) سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: كۆچەتنى ئۇلاشتىن 10 كۈن بۇرۇن سۇغىرىش، ئۇلاپ 10 كۈندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك. سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن، 7 ـ ئايدا كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. كۈزدە سۇغىرىشنى كونترول قىلىپ، كۆچەتنىڭ ياغاچلىشىشىنى تېزلىتىپ، ئۈششۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** قىزىل ئۆمۈچۈك 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى 7 ـ ئايدا ھاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىشى سەۋەبىدىن، كۆچەتلەرگە ئېغىر زىيان سالىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا ھاشارات بايقالغان ھامان ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىم ئاۋىي دىڭچۈڭمى (阿维啶虫迷) نى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا ئاۋىيمىتسۇن (阿维菌素) نى 6000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ (03)

# چىلان دەرىخىنى قۇرغاقچىلىق زىيىنىدىن ساقلاش تەدبىرى

پاتىگۈل ماموت
(يوپۇرغا ناھىيىلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 844400)

قۇرغاقچىلىق زىيىنى بولسا رايونىمىزدا كۆپ كۆرۈلىدىغان فىزىيولو-گىيەلىك كېسەللىك بولۇپ، ئۆز ئارا يۇقۇملانمايدۇ، ئەمما باشقا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چىلان دەرىخىدىكى قۇرغاقچىلىق زىيىنى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى زىيادە يۇقىرى، تۇپراق ۋە ئاتموسفېرا نەملىكى زىيادە تۆۋەن بولسا، دەرەخ تېنىدىكى توقۇلمىلار ئىچىدە سۇ يېتىشمەي، توقۇلمىلار ئۆزگىرىپ، يو-پۇرماقلار قورۇلۇپ، دەرەخ قوۋزىقى قۇرۇپ نابۇت بولىدىغان تەبىئىي ئاپەت-نى كۆرسىتىدۇ. رايونىمىزنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا يازدا چىلان قۇرغاق ئىسسىق ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئۇدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ھاۋا رايى كۆرۈلۈپ، ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ، چىلاننى ئوخشىمىغان دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى. چىلان دەرىخى ئادەتتە قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، چىلان ئۆستۈرۈش جەريانىدا ئەگەر ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ، تۇپراق ۋە ھاۋا نەملىكى زىيادە تۆۋەنلەپ كەتسە، ياش كۆچەتلەر، مېۋىگە كىرگەن دەرەختىكى شاخ - نوتىلارنىڭ قوۋزاق قەۋىتى ۋە يوپۇرماقلار سۇسىزلىنىپ سولىشىپ قورۇلۇپ قالىدۇ، يوپۇرماقلارنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش رولى چەكلىمىگە ئۇچراپ، چېچەك ۋە مېۋىلەرنىڭ كۆپلەپ تۆكۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېغىر بولغاندا دەرەخ ئۆسۈش-تىن توختايدۇ ھەتتا تۈپ بويىچە قۇرۇپ قالىدۇ. بۇ چىلان كۆچىتىنىڭ قوۋزاق چىرىش كېسىلى، تىك قۇرۇش كېسىلى ۋە غول زىيانداش ھاشارات-لىرىنىڭ زىيىنىنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ.

**1. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولسا ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرىنىڭ زىيادە ئۆرلەپ كېتىشى، بولۇپمۇ بىر قىسىم تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارى ئاجىز، سۇغىرىش شارائىتى ناچار بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان فىزىيولوگىيەلىك كېسەللىك ھېساب-لىنىدۇ. چارۋا مال غاجىلىۋەتكەن كۆچەتلەرنىڭ ئۆسۈشى ئاجىز، يەر شەكلى ئېگىز، تۇپرىقى قۇمساق بولسا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئېغىر پەيدا بولىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش:** (1) ئاساسلىقى ۋاقتىدا مۇۋاپىق سۇغىرىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، يەنى بىخلىنىش مەزگىلى، چېچەك-لەش مەزگىلى ۋە مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە سۇغا بولغان تەلىپىنى قاندۇ-

# ئالمىنىڭ مېۋىلەش مەزگىلىدىكى پەرۋىشى

مۇللامەت ھاجىمەمەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

**1. يوپۇرماق يۈزىدىن ئوغۇتلاش:** ئالما چېچەكلەش مەزگىلىدە 1～2 قېتىم 0.3% لىك ئورىياغا، 0.3% لىك بور ئوغۇتى (硼肥) نى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈش ئارقىلىق، مېۋىلەش نىسبىتىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مېۋىنى يوغىنىتىش ئۈچۈن، ھەربىر تۈپ دەرەخنى 0.8～1.5 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵)، 0.4～0.6 كىلوگىرام 50% لىك كالىي سۇلفات (硫酸钾) بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. مېۋىگە خالتا كىيگۈزۈشتىن بۇرۇن كالتسىيلىق ئوغۇتنى پۈركۈسە، مېۋە قىرتاق بولۇپ داغ پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا مېۋە رەڭلىنىش مەزگىلىدە 0.2% - 0.3% لىك كالىي دىھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە مېۋە تەكشى رەڭلىنىپ، كۆركەم پىشىدۇ.

**2. مىكرو ئېلېمېنتلارنى تولۇقلاش:** سىنك كەمچىل بولسا ئۇششاق يوپۇرماق كېسىلى كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا ھەربىر تۈپ دەرەخكە 20～40 كىلوگىرام سىنك سۇلفات (硫酸锌) نى ئاساسىي ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ، ئوغۇتلاش ۋە ياكى ئۆسۈش مەزگىلىدە 0.1% -

---

رۇش كېرەك؛ (2) قۇرغاقچىلىق ئېغىر، ھۆل - يېغىن ئاز، سۇغىرىش شارائىتى ناچار جايلاردا چىلان پەرۋىشىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىرگە، سۇ ساقلاش دورىسى (保水剂) نى ھەربىر تۈپ چىلانغا 20 گىرام ئەتراپىدا كۆمۈپ بەرسە، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاپ قۇرغاقچىلىق زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چىلان كۆچىتى تىككەن ئورەكنى تىندۇرىدىغان چاغدا، سۇ ساقلاش دورىسى بىلەن تۇپىنى 1:1000 نىسبىتى بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ، 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كۆمۈپ بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغارسا، يىل بويى تۇپراق نەملىكىنى مۇۋاپىق ساقلاپ، نەملىككە بولغان تەلىپىنى قاندۇرۇپ، قۇرغاقچىلىق زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ؛ (3) شارائىت بار بەرسە ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، چىلاننى ئورەك كولاپ ياكى چۆنەكلەپ سۇغىرىش ئارقىلىق سۇنى تېجەپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

0.2% لىك سىنىك سۇلفاتنى 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈسىمۇ بولىدۇ، ئەگەر ئۈششاق يوپۇرماق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىسە، ھەر يىلى ھەر مو يەرگە 10 گىرام سىنىك سۇلفات بەرسە بولىدۇ. تۆمۈر كەمچىل بولسا، ھەربىر تۈپ دەرەخكە 25 ـ 30 كىلوگىرام تۆمۈر (Ⅱ) سۇلفات (硫酸亚铁) نى ئاساسىي ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش ياكى ئۆسۈش مەزگىلىدە تۆمۈر (Ⅱ) سالفات ئېرىتمىسىنى 2 ~3 قېتىم پۈركۈش. ئەگەر تۆمۈر يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمىسە، ھەرمو يەرگە 20 گىرام تۆمۈر (Ⅱ) سالفات پۈركۈش كېرەك. بور كەمچىل بولسا، ھەربىر تۈپ دەرەخكە 15 كىلوگىرام بوراكس (硼砂) نى ئاساسىي ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ.

**3. مېۋە شالاڭلىتىش:** شۇ يىللىق مېۋىلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، مېۋىگە خالتا كىيگۈزۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، گۈل تىزمىسىدىكى زىيادە مېۋە ۋە زىچ مېۋىلەرنى شالاڭلىتىش كېرەك. مېۋە شالاڭلاتقاندا تەبىئىي ساڭگىلىغان مېۋە دانىسى بىرقەدەر چوڭ بولغان ئوتتۇرىدىكى مېۋىلەرنى قالدۇرۇپ، دانىسى كىچىك چەتتىكى مېۋىلەرنى شالاڭلىتىش كېرەك.

**4. ھالقىسىمان تىلىش:** مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندىن كېيىن، ئوزۇقلۇق ئۆسۈشى كۈچىيىپ، مېۋىلىمىگەن ياكى مەھسۇلاتى تۆۋەن ئالما دەرىخىنىڭ ئاساسىي غولىنىڭ قوۋزىقىنى، باراقسان ئۆسكەن ئاساسىي شاخ ياكى چوڭ يېتىلگۈچى شاخنىڭ قوۋزىقىنى قوش ھالقىسىمان تىلىش، ئەمما ياغاچلىق قىسمىنى زەخىملەندۈرمەسلىك كېرەك. ھالقىسىمان تىلىشتىن بۇرۇن، پىچاقنى 75% لىك ئىسپىرتقا چىلاپ، كېسەللىك مىكروبى يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھالقىسىمان تىلغاندىن كېيىن، يارا ئېغىزىغا ھاشارات يوقىتىش دورىسى، مىكروب يوقىتىش دورىسى قاتارلىقلارنى سۈرۈپ، كېسەللىك مىكروبى يۇقۇملىنىشنىڭ ۋە ھاشارات زىيان سېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

**5. خالتا كىيگۈزۈش:** ئالما چېچەكلەپ 35 ـ 55 كۈندىن كېيىن يەنى 6 ـ ئاينىڭ باش ئوتتۇرىلىرى مېۋىگە خالتا كىيگۈزسە ئەڭ ياخشى بولىدۇ. خالتا كىيگۈزگەندە تېمپېراتۇرا يۇقىرى مەزگىلدە، يەنى چۈشتە خالتا كىيگۈزمەسلىك، چۈشتىن بۇرۇن ياكى چۈشتىن كېيىن خالتا كىيگۈزۈش كېرەك.

**6. خالتىنى ئېلىۋېتىش:** خالتا كىيگۈزگەندىن كېيىن، مېۋە خالتىنىڭ ئىچىدە 100 كۈن ئەتراپىدا ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىنى باشتىن

ئۆتكۈزگەندە خالتىنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ. ئادەتتە مېۋىنى ئۈزۈشتىن 15 ـ 20 كۈن بۇرۇن خالتا ئېلىۋېتىلىدۇ، خالتىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ۋاقتىدا نۇر قايتۇرۇش پەردىسىنى يېيىتىش كېرەك.

7. **تۇپراق پەرۋىشى:** مېۋىلىك باغنىڭ تۇپرىقىنى يۇمشاق، پاكىز، ئوغۇتى يېتەرلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۆسۈش مەزگىلىدە سۇغارغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا كولتىۋاتسىيە قىلىپ تۇپرىقىنى يۇمشىتىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاپ، 10 ـ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولتىۋاتسىيە قىلسا، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ نەملىك ساقلاشقا پايدىلىق بولىدۇ. ئادەتتە ھەر يىلى 2 ـ 3 قېتىم كولتىۋاتسىيە قىلىنىپ، كۈزدە ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر ئاغدۇرۇلىدۇ.

8. **كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كۈيە پەرۋانىسى، مېغىز قۇرتى: بىر يىلدا 2 ـ 3 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يېتىلگەن ھاشارىتى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. 5 ـ 9 ـ ئايدا لىچىنكىسى زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، باغ ئىچىنى پاكىز تازىلاپ، قۇرت يېگەن مېۋە ۋە تۆكۈلگەن مېۋىلەرنى ۋاقتىدا بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي غول، ئاساسىي شاخقا ئوت ـ چۆپ بەلبېغى ياكى يالتىراق پارچىسى ئوراپ، لىچىنكىسىنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. ھەربىر تۈپ دەرەخكە ئىككى تال ئالمىغا كۈيە پەرۋانىسىنى جەلپ قىلىش نەيچىسى (迷向管) نى ئېسىش، ھەربىر تۈپ دەرەخكە 200 ـ 3000 دانە قىزىل كۆز ھەرە قويۇپ بېرىش كېرەك. 6 ~ 9 ـ ئايدا مېيونيۇ (灭幼脲)، كۇسەنيەجيەن (苦参盐碱)، جياۋېييەن (甲维盐) قاتارلىق دورىلارنى چاچسا ئالدىنى ئېلىپ يوقاتقىلى بولىدۇ؛ (2) قىزىل ئۆمۈچۈك: 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 6 ـ ئايغىچە پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلگە، 7 ~9 ـ ئايدا زىيان سېلىشى يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، قېرى قوۋزاقلارنى قىرىپ، بائومې بەش گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى چېچىش كېرەك. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۆز جايىنىڭ ئالدىن مەلۇماتىغا ئاساسەن ئاۋېيمېتسۇن (阿维菌素) سۇتسىمان مېيى، ليۇياڭمېيسۇ (浏阳霉素) سۇتسىمان مېيى، پىرىدابېن (哒螨灵) سۇتسىمان مېيى قاتارلىقلارنى چېچىش كېرەك؛ (3)

# ئۆرۈك باغلىرىنىڭ يىللىق پەرۋىشى

قەلەمخان ماناپ
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 838100)

**باغ بەرپا قىلىش:** ئۆرۈك دەرىخى كۈن نۇرىنى ياخشى كۆرىدىغان، قۇرغاقچىلىققا، ئۇنۇمسىز تۇپراققا، ياخشى ماسلىشالايدىغان دەرەخ بولغاچقا، باغ يېرىنى تاللاشتا، ھەر خىل بۇلغىنىش ۋە باشقا پايدىسىز ئامىللاردىن خالىي، قاتناش قۇلايلىق، يەر شەكلى تۈز، يورۇقلۇق تولۇق چۈشىدىغان، سۇغىرىش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش شارائىتىغا ئىگە بولغان قۇمساق ئەت تۇپراقنى تاللاش كېرەك. ئۆرۈكنى قۇر ئارىلىقىنى 5 ـ 6 مېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 4 ـ 5 مېتىر قىلىپ، ھەر مو يەرگە 22 ـ 33 تۈپ تىكسە بولىدۇ. تىككەندە چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى سەپلەپ تىكىش كېرەك.

**1 ـ ئاي:** ئۆرۈك دەرىخى تىنچلىنىش مەزگىلىدە بولۇپ، ئاساسلىق قىشلىق چاتاش خىزمىتى ئىشلىنىدۇ. ياش دەرەخلەرگە قارىتا تايانچ شاخلارنى يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، ئاساسىي بۇلۇڭى بىر قەدەر چوڭ شاخلار تايانچ شاخ قىلىنىپ، تاللاپ يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئاساسىي شاخلارنىڭ بۇلۇڭىنى ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېنىك قايچىلاپ، كۆپ شاخ قالدۇرۇپ، ئۆزۈن قويۇپ بېرىلىدۇ، ئاساسىي ۋە يان شاخلىرىنىڭ ئۇچى قىسقا قىسقارتىلىدۇ، مول مېۋە بېرىش مەزگىلىدىكى دەرەخلەرنىڭ بەك قويۇق ئۆسكەن شاخلىرىنى ۋاقتىدا شالاڭلىتىپ يورۇقلۇق ۋە ھاۋا شارائىتىنى

چىرىش كېسىلى: چىرىش كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى يىلدا ئىككى قېتىم، يەنى 3 ـ 4 ـ ئايدا، 8 ـ 9 ـ ئايدا بىر قېتىمدىن يۇقىرى پەللىگە چىقىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، ئورگانىك ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاپ، گۈل، مېۋىسىنى شالاڭلىتىپ، مېۋىلەش مىقدارىنى مۇۋاپىق تىزگىنلەپ، دەرەخنىڭ ئۆسۈشچانلىقىنى ئەڭشەش كېرەك. كېيىنكى مەزگىلدە سۇغىرىش، ئوغۇتلاشنى كونترول قىلىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا چاتاپ، يارا ئېغىزىغا ئاسراش دورىسى ياكى ھاشارات يوقىتىش دورىسى سۈرۈش كېرەك. ئەتىياز، كۈزدە بائومى بەش گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى ياكى ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنىڭ قالدۇقىنى ياكى ئەسلىدىكى ئېرىتمىسىنى دەرەخ غولىغا سۈرسە، چىرىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقاتقىلى بولىدۇ. (03)

ياخشىلاش كېرەك. دەرەختىكى شاخلارنى ئۈستى شالاڭ، ئاستى قويۇق، سىرتى شالاڭ، ئىچكى قىسمى قويۇق، چوڭ شاخلار ئاز، ئۇششاق شاخلار كۆپ قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مېۋە بەرگەن ئاجىز شاخلارنى مۇۋاپىق قىسقارتىپ، دەرەخنىڭ ئۆسۈشىنى ياخشىلاش لازىم. ھازىر قىسمەن دېھقانلىرىمىزدا يەنىلا شاخنى كېسىشكە كۆزى قىيماي، كۆپ قويۇۋالىدىغان ئەھۋاللار ساقلىنىپ، دەرەخنىڭ كۆن نۇرى چۈشۈش، ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتى ياخشى بولمايۋاتىدۇ، شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، قىشلىق چاتاشتا پىشقان شاخلىرىنى مۇۋاپىق چاتاش كېرەك.

**2 ـ ئاي:** قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئەلا سوپىرتلاردىن ئۇلاقلىق ئېلىپ، سالقىن، كۆن نۇرى چۈشمەيدىغان جايدا نەم قۇمغا كۆمۈپ ساقلىنىدۇ. چاتاش تاماملانغاندىن كېيىن، دەرەخ غولى ئاقارتىلىدۇ. ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنى دەرەخنىڭ توپ تۈۋىدىن دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئۇچى قىسمىغىچە تولۇق چېچىش كېرەك. چاتاشنى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن چوقۇم تۈگىتىش كېرەك. سۇغىرىشقا نىسبەتەن، پۈتۈن بىر يىلدا ياش ئۆرۈك دەرەخلىرىنى يىلىغا 6 ـ 7 قېتىم، چوڭ ئۆرۈك دەرەخلىرىنى يىلىغا كەم دېگەندە تۆت قېتىم سۇغىرىش، چېچەكلەشتىن ئىلگىرى قىش كىرىشتىن بۇرۇن بىر قېتىم، مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە 2 ـ 3 قېتىم سۇغىرىش كېرەك. ئۆرۈكلۈك باغلارنى پاكىز تۇتۇش، ھەر قېتىم سۇغاغاندىن كېيىن تۇپراقنى 10 ـ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تېيىز ئاغدۇرۇش كېرەك. سۇغارغان ۋاقىتتا سېغىز تۇپراقلىق باغلارغا سۇ يېغىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. يەر يۈزىگە سۇنىڭ يىغىلىپ قېلىشى، جاھىل خاراكتېرلىك يىلىم ئېقىش كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

**3 ـ ئاي:** ئۆرۈكنى ئۇلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. چېچەكلەشتىن بۇرۇن بىر قېتىم سۇغىرىلىدۇ. ئوغۇتلاشتا ھەربىر تۈپىنى 0.2 ـ 0.5 كىلوگىرام ئىككى ئامونىيلىق فوسفات فوسفات (قارا ئوغۇت) ۋە ئورىيا بىلەن ئوغۇتلاپ، ئاندىن ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. ئۆرۈك دەرىخى كۆپ چېچەكلەش مەزگىلىدە ۋە غورا مەزگىلىدە دەرەخنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا بور ئوغۇتى ياكى ئۆرۈكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان كالتسىي، ماگنىي، گۈڭگۈرت، تۆمۈر، مىس، سىنك قاتارلىق ئېلېمېنتلارنى بىر قېتىم تەكشى پۈركۈپ، مېۋە تۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېۋىنى قوغداپ، مېۋىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. چې-

چەكلەشتىن بۇرۇن ھەر موىيەرگە 2 ـ 3 ساندۇق ھەسەل ھەرىسى قويۇلسا، چاڭلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**4 ـ ئاي:** 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا، ئاخىرىدىكى مېۋىلەرنىڭ تېز يوغىناش باسقۇچىدا كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە مۇۋاپىق قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بولۇق مېۋىگە كىرگەن مەزگىلىدە ھەربىر تۈپكە 0.5 ـ 1 كىلوگىرام تېز ئۈنۈملۈك فوسفور كالىيلىق ئوغۇت بېرىش كېرەك. دېھقانلىرىمىز قارا ئوغۇت، ئاق ئوغۇتلارغا كۆنۈپ كەتكەچكە تۇپراقتا ھازىر ئازوت، فوسفورنىڭ مىقدارى كۆپ، كالىينىڭ مىقدارى تۆۋەن بولۇپ، ئوغۇت بەرگەندە كالىينىڭ مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە سەل قارىماسلىق كېرەك.

چېچەك تۆكۈلگەندىن كېيىن، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پۈركۈش ئارقىلىق ئۆرۈك مېغىز ھەرىسى، قاسراقلىق قۇرت قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ئايدا كۆك پىتنىڭ زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولىدۇ. يوپۇرماق كۆپ مىقداردا قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن يەنى 30% قۇرۇلغاندا 10% لىك پىرولېن نەملىنىشچان پارشوننىڭ 4000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 3% لىك دىڭ چۇڭمى (啶虫迷) سۇتسىمان مېيىنىڭ 2500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەتىگەندە ياكى كەچتە شامال چىقمىغان ۋاقىتتا، پۈركۈگەندە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**5 ـ ئاي:** توقسۇن ناھىيەمىزنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى كۈچلۈك بولغاچقا، بۇ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپلا، رايونىمىز تەۋەسىدە ئۆرۈك سورتلىرىنىڭ خان تاجى سانىلىپ كېلىۋاتقان، بارغانچە بازار تېپىپ ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇپ سېتىۋېلىشىغا ئېرىشكەن، يەر مەيدانى بارغانچە كېڭىيىۋاتقان، دانىسى چوڭ، شەكلى كۆركەم، بالۇر پىشىدىغان، سۇلتان ئۆرۈك سورتلىرى پىشىشقا باشلايدۇ. ئاساسەن ئۆرۈكنىڭ مېۋىسى مۇشۇ ئاي ئىچىدە يىغىۋېلىنىدۇ. يىغىۋېلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن باغ يېرى بىر قېتىم سۇغۇرۇلىدۇ.

**6 ـ، 7 ـ ئاي:** گۈل بىخلىرى بۆلۈنۈش باسقۇچىغا كىرىدۇ. مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، قويۇق ئۆسكەن يېڭى نوتىلارنى شالاڭلىتىپ دەرەخنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش كېرەك.

**8 ـ ئاي:** گۈل بىخلىرى بۆلۈنۈۋاتقان مەزگىل بولۇپ، تۇپراق ئەھۋالى-

غا ئاساسەن، مۇۋاپىق مىقداردا، سۇنى كونترول قىلىپ، كۆزلۈك نوتىلار-نىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، پىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. زىچ ئۆسكەن شاخلىرىنى شالاڭلىتىپ، ئۆسۈش ھالىتىدە تۇرغان يېڭى نو-تىلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش لازىم.

**9 ـ، 10 ـ ئاي:** بۇ گۈل بىخلىرى بۆلۈنۈشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى بولۇپ، تۇپراق ئەھۋالىغا ئاساسەن، سۇغىرىشنى كونترول قىلىش لازىم سۇ بەك كۆپ بولۇپ كەتسە بولمايدۇ. ئۈزۈك دەرىخىنىڭ مېۋىسى يىغىۋې-لىنغاندىن كېيىن، تۇپراق توڭلاشتىن ئىلگىرى ئاساسىي ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىنىدۇ. ئادەتتە بىر توپ ياش ئۈزۈك دەرىخىگە (5 ـ، 6 ـ يىللىق دە-رەخلەرگە قارىتىلغان) ھەر بىر تۈپكە 10 كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن مە-ھەللىۋى ئوغۇت، (قوي، كالا قىغى)، بولۇق مېۋىگە كىرگەن، ئۈزۈك دەرە-خىنىڭ ھەربىر تۈپىگە (ئالتە يېلىدىن يۇقىرى ۋە 10 يىل ئەتراپىدىكى دە-رەخلەرگە قارىتىلغان) 100 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت بېرىلىدۇ. ئوغۇت دەرەخ تاجىسى ئايلانمىسىنىڭ ئاستى قىسمىنى مەكەز قىلىپ، چوڭقۇرلۇقى 50 ـ 60 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان ئورەك كولاپ، تۈپىغا ئارىلاشتۇرۇلۇپ بېرىلىدۇ. ئوغۇتنى تۈپىغا ئارىلاشتۇرماي بىۋاستە تۆكۈپ، يىلتىزىنى چىرىتىۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇندىن باشقا، قۇرىلىقىغا چېچىپ ئوغۇتلىسىمۇ ياكى نورسىمان چۆنەك تارتىپ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن باغ يېرىنى ئاغدۇرۇپ، دەرەخ غولى ئاقارتىلىدۇ.

**11 ـ ئاي:** يوپۇرماق تۆكۈلۈپ، دەرەخ تىنچلىنىش مەزگىلىگە كىرىدۇ، يوپۇرماق تاشلىغاندىن كېيىن باغلارنى تازىلاش، يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن قۇرۇق مېۋىلەرنى تازىلاش، كېسەل تەگكەن شاخلارنى كېسىۋېتىش، قۇرۇق شاخ، غازاڭ قاتارلىقلارنى پاكىز تازىلاش، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك، تۇپراق توڭلاشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن توڭ ياتقۇزۇۋۇش كېرەك.

**12 ـ ئاي:** 12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايغىچە قىشلىق پۇتاش ئېلىپ بارسا بولىدۇ. ئادەتتە 12 ـ، 1 ـ ئايلاردا سىرتتا قاتتىق سوغۇق، تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغاچقا، دەرەخنى پۇتاش قۇلايسىز، شۇڭا ئەڭ ياخشى ۋاقىت يەنىلا 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 2 ـ ئاي بولۇپ، بۇ پۇتاشنىڭ ئال-تۇن ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. (03)

# چىلان تۆگۈنەك پاشىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇرجامال ئىسلام
(يەكەن ناھىيە ئىشغول يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844700)

**1. پەيدا بولۇش ۋە زىيان سېلىش ئالاھىدىلىكى:** چىلان تۆگۈنەك پاشىسىنىڭ تېنى ناھايىتى كىچىك بولغاچقا، پەرقلەندۈرۈشتە كۆپىنچە ھاللاردا زىيان سېلىش ئالامىتىگە ئاساسەن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. چىلان تۆگۈنەك پاشىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان يوپۇرماق كانايسىمان شەكىلگە، رەڭگى بېغىررەڭگە ئۆزگىرىپ، قاتتىق ھەم چۈرۈكلىشىپ، ئاخىرىدا قارىداپ سولىشىپ قورۇلۇپ قالىدۇ. بۇنداق قورۇلۇپ قالغان يوپۇرماقنىڭ ئىچىنى ئېچىپ قارىغاندا ئۇن نەچچە سۈت رەڭلىك قۇرتلار كۆرۈنىدۇ. بۇ دەل چىلان تۆگۈنەك پاشىسىنىڭ لىچىنكىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ھاشارات ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى چىلان ئۆستۈرۈش رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن لىچىنكىسى يۇمران يوپۇرماققا زىيان سالىدۇ. كەڭ كۆلەملىك زىيان سالغاندا چىلان دەرىخىنىڭ بىخلىنىپ، يوپۇرماق چىقىرىشىغا ۋە چېچەكلەپ مېۋىلىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ، كىچىك كۆچەتلەرگە نىسبەتەن زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

**2. ياشاش ئادىتى:** چىلان تۆگۈنەك پاشىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا يىلىغا 6 ـ 8 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. قېرى لىچىنكىسى ئارقىلىق نېپىز تۇپراق قاتلىمىدا ئۇۋا ياساپ غوزەككە ئايلىنىپ قىشتىن ئۆتىدۇ. ئادەتتە 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ئاخىرلىرى زىيان سېلىشقا باشلايدۇ زىيان سېلىشى 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ، يېڭى يوپۇرماق بولسىلا زىيان سېلىشى ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. بىر يىل ئىچىدە 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىكى زىيىنى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، ھەر يىلى مۇشۇنداق تەكرارلىنىدۇ، شۇڭا توختىماستىن زىيان سالغاندەك ئالامەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) باغ يېرىنى ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، يەرگە 25% لىك فوكسىم (辛硫磷) دورىسىنى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش ئارقىلىق، قىشتىن ئۆتىدىغان ھاشارات مەنبەسىنى تارايتىش كېرەك؛ (2) بىخلىنىش مەزگىلىدە ۋە لىچىنكىسى زىيان سېلىش مەزگىلىدە خىمىيەلىك دورىلار ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۈنۈمى ۋە سۈمۈرۈشچانلىقى ياخشى، زەھەرچانلىقى تۆۋەن بولغان دورىلارنى ئىشلىتىش لازىم؛ (3) 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ چىلانلىق باغلارغا سېرىق تاختاي ئېسىش ئارقىلىق يېتىلگەن ھاشاراتلارنى ئالداپ يوقىتىش كېرەك. (03)

# بۇغداي دات كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئوسمان زايىت
(بۇگۇر ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن 841600)

بۇغداي دات كېسىلى ئادەتتە ھال كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دېھقانلار ئۇنى «سېرىق ۋاپا» دەپ ئاتايدۇ، بۇ كېسەل 3 ـ 4 ـ ئايدا، يازدا، بۇغداينىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قىشتا 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى پەيدا بولۇپ، بۇغداي مەھسۇلاتىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ، شۇڭا بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۇغداي مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، بەك كەڭ دائىرىدە پەيدا بولىدىغان، زىيىنى ئېغىر، دۇنياۋى خاراكتېرلىك مۇھىم كېسەللىك بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىمۇ كۆپ يۈز بېرىدۇ.

دات كېسىلىنىڭ زىيان سېلىشتىكى ئالاھىدىلىكى شۇكى، يىراققا تارقىلالايدۇ. كېڭىيىشى تېز، يۇقۇملىنىشى كۈچلۈك، كەڭ كۆلەمدە يامرايدۇ، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاپەت كەلتۈرىدۇ. كېسەللىك مىكروبى ناھايىتى يېنىك بولغاچقا، شامال چىقسىلا توزۇپ تارقىلىدۇ ھەمدە ھاۋا ئېقىمىغا ئەگىشىپ 500 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ھاۋا بوشلۇقىغا تارقىلىپ نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى رايونلارغا ئۇچۇپ تارقىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق كېسەللىكنىڭ كەڭ كۆلەمدە يامرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەل بۇغداينىڭ يوپۇرماق، غول ۋە باشاق قىسمىغا زىيان سالىدۇ. كېسەللىك يۈز بەرگەن بۇغداينىڭ يوپۇرماق، غوللىرىدا قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك پاراشوكسىمان كېسەللىك مىكروبى پەيدا بولۇپ، يوپۇرماق تەركىبىدىكى خلوروپلاستىنى بۇزىدۇ. فوتوسىنتېز رولى يۈرگۈزۈلىدىغان كۆلەمنى ئازايتىدۇ، ئوزۇقلۇق ۋە سۇنى خورىتىدۇ. دان ئېغىرلىقى تۆۋەنلەپ، مەھسۇلاتقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كېسەللىك ئالامىتى دەسلەپتە يوپۇرماقتا كۆرۈلۈپ، كېيىن يوپۇرماق غىلاپى ۋە غولغا تارقايدۇ. ئېغىرلاشقاندا باشاقتا تەرتىپلىك ۋە تەرتىپسىز كېسەللىك سپورىلىرى (مىكروب) پەيدا بولىدۇ. ئۇ دەسلەپتە قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، كېيىن قىزغۇچ سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

**پەيدا بولۇش شارائىتى:** كېسەل يۇققان سورتلار تېرىلسا، قار ئۇزۇن ۋاقىت يىغىلىپ تۇرسا، قىشلىغان مىكروب مەنبەسى كۆپ بولسا، 4 ـ 5 ـ ئايلاردا يامغۇر كۆپ ياغسا، كۆپ سۇغۇرۇلسا كېسەلنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك شارائىتى شەكىللىنىپ، ئاسان تارقىلىپ ئاپەتكە ئايلىنىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) كېسەلگە چىدامچان سورتلارنى تېرىش كېرەك. كېسەللىككە چىدامچان سورتلارنى تاللاپ ئىشلەتكەندە، ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم؛ (2) پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، بۇغداينىڭ كېسەلگە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بەك بالدۇر تېرىلسا

كۆزگى بۇغداي مايسىدا كېسەل ئېغىر دەرىجىدە پەيدا بولىدۇ. قىشلايدىغان مىكروب مەنبەسىنىڭ سانى كۆپىيىپ كېتىدۇ. بەك كېچىكىپ تېرىلسا بۇغداينىڭ پىشىش ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلۈپ، ئوخشاشلا كېسەللىك پەيدا بولىدۇ؛ (3) مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك. يەرنى ئاساسىي ئوغۇتقا تويۇندۇرۇش ۋە ئازوتلۇق ۋە فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە بېرىش ئارقىلىق، مايسىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇغداي باشاق چىقىرىشقا ئاز قالغاندا، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى كۆپ بېرىۋېتىپ، پاك بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك، ھۆل - يېغىن كۆپ بولغان يىللاردا سۇغىرىش مىقدارى ۋە قېتىم سانىنى ئازايتىش، تۇپراق شارائىتى، ھاۋا كى-لىماتى ۋە مايسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ مۇۋاپىق سۇغىرىش ئارقىلىق، پاك بو-لۇپ يېتىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. كېسەل پەيدا بولۇش مەزگىلىدە، ئەگەر يامغۇر ياغسا ئارتۇق سۇلارنى چىقىرىۋېتىپ تۇپراق نەملىكىنى ئازايتىشقا دىققەت قى-لىش، ئەگەر يامغۇر ئاز يېغىپ قۇرغاقچىلىق بولسا سۇغىرىش ئارقىلىق بۇغداينىڭ يوقاتقان سۈيىنى تولۇقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كېسەلگە چىدامچانلىقىنى ئاشۇرۇش كې-رەك. كېسەللىك ئېغىر بولغاندا، ئۆز ۋاقتىدا سۇغىرىپ بۇغداينىڭ دات كېسىلى تۈ-پەيلىدىن زايا بولغان نەملىكىنى تولدۇرۇغاندا زىياننى ئازايتقىلى بولىدۇ، مۇۋاپىق قو-يۇق تېرىش كېرەك. باش ئەتىيازدا تىرنىلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق تۇپراقنى بوشۇتۇپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مىكروب مەنبەسىنى يوقاتقىلى بولىدۇ. بۇغداي ھوسۇلىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئېگىز تېيىز ئاغدۇرۇلى-دۇ، ئۈنگەن بۇغداي ھوسۇلىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئېتىز قىرىدا يول بويىدا، ئې-رىق - ئۆستەڭ ياقىسىدا ئۆزى ئۈنگەن بۇغداي مايسىلىرى يوقىتىلىش ئارقىلىق كې-سەل يۇقتۇرىدىغان مەنبە ئازايتىلىدۇ؛ (4) دورا چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: دات كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس، يوقىتىشنى قوشۇمچە قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئېتىزدا كېسەللىك ئالامىتى ئاندا - ساندا كۆرۈلگەندە يەنى كېسەللىك پەيدا بولغان مەزگىلدە دەرھال دورا چېچىپ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. خوشنا ئېتىزلاردا گەرچە كې-سەللىك كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە دورا چېچىلسا كېسەللىك يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىرئادىمېفون (粉锈宁) دورىسىدىن 70 - 100 گىرامغا 30 - 50 كىلوگىرام سۇ قوشۇپ چېچىش ياكى 65% لىك زىنىپ (代森锌) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى (بىر گىرام دورىغا 500 گىرام سۇ قوشۇپ تەييارلانغان ئېرىتمە) نى ھەر 7 - 10 كۈندە بىر قېتىم جەمئىي 2 - 3 قېتىم چېچىش كېرەك. چېچىلىش دائىرىسى كېسەللىك مەركىزىدىن سىرتىغا ئۈچ ھەسسە چوڭ بولۇش كېرەك. دورا ئېرىتمىسىگە ئاز مىقداردا (0.1%) سوپۇن پاراشوكى قوشۇۋەتسە دورا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق دورا چېچىش بۇغداينى ئورۇۋېلىشتىن 20 بۇرۇن توختىتىلىدۇ. (03)

# كېۋەزنىڭ غونچە ـ غوزىلىرى تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

رابىيە ياسىن
(بۈگۈر ناھىيە بۈگۈر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)
ئايشەم ياسىن
(بۈگۈر ناھىيە قارۋاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841600)

1. كېۋەز غونچىلاش ـ غوزىلاش مەزگىلىدە ئوغۇت ۋە سۇغا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە يېتەرلىك ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. كېۋەزنىڭ غونچىلاش ۋە غوزىلاش مەزگىلىدە، كېۋەز ئېتىزىنى پەرۋىش قىلىپ، باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

3. ئوتاش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، ئوغۇتلاش، سوغىرىش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ـ ئېلىش يوقىتىش قاتارلىق پەرۋىشىدە، مەشغۇلات ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىپ، غونچە ـ غوزىلارنى زەخىملەندۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

4. كېسەلگە تاقابىلچان سورتلارنى تاللاپ تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

5. كېۋەز زىچلىقىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە غونچىلاش ـ غوزىلاش مەزگىلىدە ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى قەرەللىك يوقىتىپ، قېرى يوپۇرماق، ھارام شاخلارنى ۋاقتىدا ئېلىۋېتىپ، كېۋەز ئېتىزىنىڭ يورۇقلۇق ۋە ھاۋا ئۆتۈشۈش شارائىتىنى ياخشىلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. كېۋەزنىڭ غوزىلاش مەزگىلى تومۇزدىكى ئىسسىققا توغرا كېلىدىغان بولۇپ، بۇ مەزگىلدە كېۋەز ئېتىزىنى مۇۋاپىق سۇغىرىپ، نەملىكنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (03)

# قوغۇن ۋىرۇس كېسەللىكىنى ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل ئەرشى
(تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838000)

1. تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ ئېتىزدا كېسەللىك بايقالغان تۈپلەرنى دەرھال يۇلۇپ يالتىراق خالتىغا سېلىپ، ئېتىز سىرتىغا ئەپچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ئارقىلىق، ئېتىزدىكى ۋىرۇس مەنبەسىنى ئازايتىش، ئېتىزدا مەشغۇلات قىلغاندا ساغلام رايوندا ئاۋۋال مەشغۇلات قىلىپ كېسەللەنگەن رايوندا ئەڭ ئاخىرىدا مەشغۇلات قىلىش، ئادەم ئارقىلىق يوقىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

2. كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋىرۇس A (病毒 A) نى ئەملىنىشچان پاراشوكنى 500 ھەسسە، 20% لىك بىگدۇجىڭ (病毒净) نى 500 ھەسسە ياكى 1.5% لىك جىبىڭلىڭ (植病灵) سۇتسىمان ئېرىتمىسىنى 1000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك، ۋىرۇس يوقتۇرىدىغان دورىلار بىلەن يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى قوشۇپ ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. دورىلارنى ئارىلاشتۇرغاندا كىسلاتالىق دورا بىلەن ئىشقارلىق دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك، بولمىسا دورا ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ.

3. تاماكا توزان پىتىدىن بىر تۇتاش مۇداپىئە كۆرۈپ، ھاشارات ئارقىلىق ۋىرۇس تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. تاماكا توزان پىتىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تاماكا توزان پىتى قوغۇن ئېتىزدا پەيدا بولۇش نىسبىتى 100%، ئوتتۇرىچە تاق يوپۇرماقتىكى ھاشارات سانى 12 تال، تاق يوپۇرماقتىكى ئەڭ يۇقىرى ھاشارات سانى 80 تالغا يەتكەن. ھاۋا رايى ئەھۋالى ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرى تاماكا توزان پىتى قوغۇن ئېتىزىدا ئوتتۇراھال پەيدا بولىدۇ، قىسمەن ئېتىزلاردا ئېغىر پەيدا بولىدۇ. شۇڭا 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ 20 ـ كۈنى ھەر 5 ـ 7 يەتتە كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا ئىككى قېتىم دورا چېچىپ مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن 3% لىك دىچوڭمى (啶虫脒) سۇتسىمان دورىسىنى 2000 ھەسسە، 25% لىك ئاكىتەي (阿克泰) دورىسىنى 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. يىلتىزنى دورىلىغاندا ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، يىلتىزدىن دورىلاشتا 25% لىك ئاكىتەي دورىسىنى 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر تۈپ تۈۋىگە 200 گىرام ئەتراپىدا قۇيۇش كېرەك. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، تاماكا توزان

# كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىلغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى

روشەنگۈل ياسىن   زەينۇرە ئىسمائىل
(كورلا شەھىرى قارايۈلغۇن يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

كېۋەزنى زىچ تېرىپ پاكار ئۆستۈرۈش، بوغۇم ئارىلىقىنى قىسقارتىپ غوزىسىنى كۆپەيتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، بالدۇر ئېچىلدۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) ئارقىلىق، كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەش تېخنىكىسى كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلماقتا. لېكىن بۇ تېخنىكىنى قوللانغاندا دورا مىقدارىنى خاتا مۆلچەرلەش ھەم كېۋەزنىڭ پەرۋىشىگە سەل قاراش تۈپەيلىدىن، ئۈنۈمى ئانچە يۇقىرى بولمايۋاتىدۇ، شۇڭا كېۋەزنىڭ بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىلغاندىن كېيىنكى پەرۋىشىدە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

1. بوغۇم قىسقارتىش دورىسى پۈركۈلگەندىن كېيىن كېۋەز ئېتىزىنى مايسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، 2 ـ 4 كۈنگىچە سۇغارماسلىق لازىم. لېكىن تېرىلغۇ قەۋىتى نېپىز، قۇمساڭ ياكى يېڭى ئېچىلغان يەرگە نىسبەتەن دورا چېچىپ ئىككىنچى كۈنى سۇغىرىش لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا دورا ئۆز رولىنى كۆرسەتكىچە كېۋەز داۋاملىق ئۆسۈپ كېتىدۇ. كېۋەزنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بوغۇم قىسقارتىش دورىسىنى بىر قېتىم 0.5 ـ 1.5 گىرام چېچىش لازىم.

2. كېۋەز تۈپلىرىنى تېخنىكا ئۆلچىمى بويىچە تەكشى تىزگىنلەپ، غوزا شاخلىرىنى ھەم غوزا سانىنى كۆپەيتىش لازىم. كېۋەز تۈپلىرىنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى 3 ـ 5 سانتىمېتىر، ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى 4 ـ 6 سانتىمېتىر بولسا، تۈپ ئېگىزلىكى چىلگە پېتىنىڭ دورىغا قارشىچانلىقى كۈچلۈك، يوقىتىش تەس بولۇپ، چوقۇم بىر تۇتاش مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك. دورا پۈركۈگەندە يوپۇرماقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەكشى پۈركۈش ھەمدە بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىش، پەلەي كىيىپ، ماسكا تاقاش، دورا چېچىپ بولۇپ دەرھال يۇيۇنۇش، قوغۇننى ئۈزۈشتىن 7ـ10 كۈن بۇرۇن دورا ئىشلىتىشنى توختىتىش، يىلتىزغا دورا قۇيۇشنى قوغۇننى ئۈزۈشتىن 20 كۈن بۇرۇن توختىتىش لازىم. (03)

سورتلارنىڭ 70 ـ 75 سانتىمېتىر، ئارا پىشار سورتلارنىڭ 60 ـ 65 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ھەر قېتىملىق چېچىلىدىغان دورا مىقدارى 2 ـ 3 گىرام بولۇشى لازىم. ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، كېۋەز تۆپىلىرىنىڭ دەسلەپكى غۇنچىلاش مەزگىلىدە 1 ـ 1.5 گىرام، غۇنچىلاشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە 2 ـ 3 گىرام، 1 ـ سۇيىنى قويۇشتىن بۇرۇن 2 ـ 3 گىرام ئىشلەتسە بولىدۇ. تۇنجى سۇيىغە بىرلەشتۈرۈپ، 10 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇتنى چۆنەكلەپ بېرىش لازىم. ئەگەر ئۆسۈشنى يەنىلا كونترول قىلغىلى بولمىسا تۇنجى سۇيىنى قويۇپ 6 ـ 7 كۈن ئىچىدە ئۈچ گىرام بوغۇم قىسقارتىش دورىسى ئىشلىتىش لازىم. ئەگەر دورا مىقدارى ئۈچ گىرامدىن ئېشىپ كەتكەندە كېۋەز تۆپىلىنىڭ ئۈستى قىسمى غۇژمەكلىشىپ، ئۈنۈمسىز غۇنچە ـ غوزا شەكىللىنىپ، مەھسۇلات تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

3. كېۋەزنىڭ ھارام شاخ ۋە ئۈنۈمسىز يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋېتىش لازىم. بوغۇم قىسقارتىش دورىسى كېۋەز تۆپىلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەيدۇ. لېكىن ھارام شاخ ۋە ئۈنۈمسىز يوپۇرماقلارنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ خىزمەتنى كېۋەزنىڭ تۇنجى سۇيىنى قويۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ بولۇش لازىم.

4. كېۋەزنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش لازىم. بەزىلەر كېۋەزگە بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىلغانلىقتىن ئۇچىنى ئۈزمىسەكمۇ بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق، بوغۇم قىسقارتىش دورىسى كېۋەز تۆپىلىرىنىڭ بوغۇم ئارىلىقىنى قىسقارتىپ، ئۆسۈشىگە تەسىر قىلمايدۇ. تەسىر قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇچى غۇژمەكلىشىپ، غوزىلاش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېۋەز ئۈزىراپ ئۆسۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە زىرائەت بولغاچقا، بوغۇم قىسقارتىش دورىسى چېچىش بىلەن بىللە ۋاقتىدا ئۇچىنى ئۈزۈش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا كېۋەزنىڭ غوزا تۇتۇش نىسبىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. كېۋەز تۆپىلىرى مەيلى ئېگىز ياكى مۇۋاپىق پاكار ئۆسۈشىدىن قەتئىينەزەر چىلگە سورتلارنىڭ ئۇچىنى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە، جاغدا سورتلارنىڭ ئۇچىنى 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئۈزۈپ بولۇش لازىم. ئەگەر يۇقىرىقى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسە خىمىيەلىك ئۇسۇلدا تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كېۋەز تۆپىلىرىنى بالدۇر غوزىلاتقىلى، بالدۇر ئېچىلدۇرغىلى، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (02)

# ئۈزۈم قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ھەمدىگۈل ئابدۇرېشىت
(ئاتۇش شەھەرلىك ئورمان باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

بۇ ھاشارات قىسقا بۇرۇتلۇق سالجا بولۇپ، ياش ۋە يېتىلگەن ھاشارىتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈزۈمنىڭ يۇمران نوتىلىرىغا، مېۋىسىگە زىيان سالىدۇ. ئېغىرلاشقاندا يوپۇرماقلار قىزىرىپ تۆكۈلىدۇ، نوتىلارنىڭ پىشىشى چەكلىمىگە ئۇچراپ، مېۋە پوستمۇ قوتۇر قىلىۋېتىلىدۇ، مېۋىنىڭ نورمال يېتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، مېۋە يۈزى تومۇر دېتىدەك كۆرۈنىدۇ، ئاخىرى يېرىلىپ كېتىدۇ مېۋە قورۇلۇپ شېكەر مىقدارى تۆۋەنلەپ، مېۋىنىڭ رەڭگى ۋە سۈپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

1. **پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** بۇ ھاشارات يىلىغا ئالتىدىن كۆپرەك ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى ئۈزۈم قوۋزىقى ئاستىدا، يىلتىز بوغۇزىدا ۋە بىخ قاسىرىقى ئاستىدا توپلىشىپ قىشلايدۇ، ھەر يىلى 4 - ئايدا بىخ ئويغىنىش بىلەن قىشلىغان ھاشارات بىخقا زىيان سالىدۇ. لىچىنكا، ياش سالجا، يېتىلگەن سالجا ئارقىلىق زىيان سالىدۇ. يېڭى نوتىلارنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەندىن يۇقىرىغا يامىشىپ بارىدۇ. 7 - 8 ئايلاردا زىيان سېلىش يۇقىرى باسقۇچقا بارىدۇ، 10 - ئايدا يوپۇرماق ساپلىرىغا، يوپۇرماق تومۇرلىرىغا كۆچىدۇ، 11 - ئايدا يوشۇرۇن قىشلاشقا كىرىدۇ، مېۋە يۈزى ۋە غولى سىلىق ئورۇنلاردا ئاز كۆرۈلىدۇ.

2. **ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) قىزىل ئۆمۈچۈك قىشلاشتىن بۇرۇن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ غولىغا ئوت - چۆپ، پاخال باغلاپ قىزىل ئۆمۈچۈكنى شۇ يەردە قىشلاشقا جەلپ قىلىپ، كېلەر يىلى 2 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن باغلانغان ئوت - چۆپ، پاخاللارنى ئېلىۋېتىپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى مېۋىلىك دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلىغاندىن كېيىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان كونا قوۋزاقلارنى قىرىۋېتىپ دەرەخ غولىنى ئاقارتىش كېرەك.؛ (2) كۈزدە تالنى كۆمۈشتىن بۇرۇن ۋە ئەتىيازدا تالنى ئېچىپ بولۇپلا 45% لىك ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنىڭ 50 - 100 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش ئارقىلىق، قىشتىن ئۆتكەن ئەۋلادىنى يوقىتىش كېرەك. (ھەربىر تۇڭغا 20 - 30 گىرام سوپۇن پاراشوكى ئارىلاشتۇرۇۋەتسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ)؛ (3) 5 - ئاينىڭ باشلىرى 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى 24% لىك مەنۋېي (螨危) دورىسىنى 3000 ھەسسە، 1.2% لىك كۈيەن سېرىق بۇيا تاماكىسى (苦烟) نى 1000 ھەسسە، 20% لىك ساۋمەنجىڭ (扫螨净) ئىمۇلىتسىيەسىنى 1500 - 2000 سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 15 - 30 كۈندە بىر قېتىم چېچىش كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە 1.8% لىك ئاۋېيمېتسۇن (阿维菌素) دورىسىنى 1000 - 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چاچسا، ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (03)

# قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ بۇغدايغا زىيىنى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

ماھنۇر ھەمدۇللا
(ئونسۇ ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتەپتىن 843100)

قۇرغاق ئىسسىق شامال بىر خىل تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، نەملىكى
تۆۋەن شامال بولۇپ، كۆپ مىقداردىكى سۇنىڭ پارلىنىشىنى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدۇ. يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ئىلغار بولمىغان شارائىتتا، ئۆسۈم-
لۈكنىڭ سۇ تەڭپۇڭلۇقى ۋە نۇر بىرىكتۈرۈش رولىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. نە-
تىجىدە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ناچارلاش-
تۇرۇپ مەھسۇلاتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

## 1. قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ بۇغدايغا بولغان زىيىنى: (1)

بۇغداي قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندا، تۇپ شەكلى، دان
تۇتۇش سۈرئىتى ۋە مىڭ دان ئېغىرلىقىدا بىنورمال ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.
نورمال شارائىتتا پىشقان بۇغداي سارغىيىدۇ، يەنى غولىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى
سېرىق، ئۇچى يېشىل، يوپۇرمىقى سەل سارغۇچ يېشىل بولىدۇ، ئىسسىق
شامالنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، يېنىك بولغاندا قىلتىرىق ئۇچى
قۇرۇپ، پوستى ئاقىرىپ، يوپۇرمىقى قورۇلۇپ سولىشىپ قالىدۇ؛ ئېغىر
بولغاندا قىلتىرىقى قۇرۇپ، ئۇچىدىكى كىچىك باشاقلىرى، قاسىرىقى ۋە
يوپۇرمىقىنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇپ، ئاقۇچ كۈلرەڭگە ئۆزگىرىپ، يوپۇرمى-
قى قورۇلۇپ قالىدۇ؛ (2) يامغۇردىن كېيىن تۇيۇقسىز ھاۋا ئېچىلىپ قۇر-
غاق ئىسسىق شامالنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، يوپۇرمىقى سۇسىزلىنىپ
كۆك قۇرۇيدۇ. بۇغداي قاسىرىقى ۋە قىلتىرىقى كۆك پېتى قۇرۇپ قاسىرىقى
يېپىلىپ قالىدۇ. باشىقىنىڭ تېگىدىكى غول بىلەن غول بوغۇملىرى سۇس
يېشىل رەڭگە كىرىدۇ؛ (3) قۇرغاق ئىسسىق شامال بۇغداينىڭ ئوخشاش
بولمىغان يېتىلىش مەزگىلىدە كۆرۈلسە زىيانغا ئۇچراش ئالامىتى ۋە دە-
رىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. چېچەكلەش ۋە دان تۇتۇش مەزگىلىدە ئاساسەن
چېچەكلەش ۋە ئۇرۇقلىنىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇرۇقلانمىغان

# تەرخەمەكنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىكى فىزىيولوگىيەلىك توسالغۇلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

گۈلشەن سەمى
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

ئادەتتىكى شارائىتتا تەرخەمەك بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 40℃ بولۇپ، يازدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا تەرخەمەكنىڭ كۈندۈزدىكى نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىدۇ، شۇنداقلا ئۆسۈملۈكنىڭ نەپەسلىنىش سەرپىياتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. كېچىدىكى تېمپېراتۇرا ئاسانلا بويىغا ئۆسۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەگەر يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق مەزگىل ئۇزىراپ كەتسە، تەرخەمەكتە مېۋە ئازىيىپ، فىزىيولوگىيەلىك مېۋە بۇزۇلۇش كۆرۈلۈپ، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

**1. يۇقىرى تېمپېراتۇرا زىيىنىنىڭ ئىپادىلىرى:** (1) گۈل بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. تەرخەمەك مايسا مەزگىلىدە گۈل بىخى بۆلۈنۈشىنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكى گېن ئاملى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، يەنە تېمپېراتۇرا ۋە كۈن نۇرىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىغا

گۈل سانىنىڭ كۆپىيىشىنى پەيدا قىلىپ، باشاق دان سانىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. سۇتلىنىپ پىشىش مەزگىلىدە كۆرۈلسە كۈندىلىك سۇتلىنىش سۈرئىتى تۆۋەنلەپ سۇتلىنىش مەزگىلىنى قىسقارتىۋېتىدۇ.

**2. قۇرغاق ئىسسىق شامالنىڭ زىيىنىدىن ساقلىنىش ئۇسۇللىرى:** (1) قۇرغاق ئىسسىق شامالغا چىدامىلىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتلار بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ تۇپراقنى ياخشىلاش كېرەك؛ (3) ئىھاتە ئورمان بەرپا قىلىش كېرەك؛ (4) بۇغدايىنىڭ تېرىلىش مەزگىلىنى تەڭشەش كېرەك؛ (5) ئوت - چۆپ كۈلى ۋە كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) قاتارلىقلارنى سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماققا چېچىش كېرەك. (03)

مۇ بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ (2) ئاپتاپ چىقىۋېتىش كۆرۈلىدۇ. تېم-
پېراتۇرا يۇقىرى، كۈن نۇرى كۈچلۈك بولغاندا، تەرخەمەك يوپۇرماقلىرى
ناھايىتى تېزلا كۈن نۇرىدا كۆيۈپ، تەدرىجىي قورۇيدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھاۋا
ئۇچۇق كۈنلىرى كۆپ شامالداشتىن پەيدا بولىدۇ؛ (3) مېۋىلەش نىسبىتى-
نى تۆۋەنلىتىدۇ، يۇقىرى تېمپېراتۇرا تەرخەمەكنىڭ نۇر بىرىكتۈرۈش رو-
لىنى توسالغۇغا ئۇچرىتىپ، نەپەسلىنىش سەرپىياتىنى ئاشۇرۇپ، مەھسۇلا-
تىنى تۆۋەنلىتىدۇ؛ (4) غەيرىي مېۋىنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بەزى يۇقىرى تېم-
پېراتۇرىغا چىدامىلىق سورتلاردىمۇ ئەگەر سۇ، ئوغۇت مۇۋاپىق بولمىغاندا،
ئۇچى يېرىلىدىغان، رەڭ ئالمايدىغان ياكى تەمى ئاچچىق ۋە غەيرىي مېۋىلەش
كۆرۈلۈپ، تاۋارلىق قىممىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ؛ (5) ئاسانلا كېسەل بىلەن
يۇقۇملىنىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرا تەرخەمەكتە ۋىرۇس كېسىلى، باكتېرىد-
يەلىك كېسەللىك ۋە قۇرۇش كېسىلى كۆرۈلىدۇ. يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئەگەر نەملىككە ئۇچرىسا مېۋىسى يېرىلىپ، ھەر خىل
باكتېرىيەلەر بىلەن يۇقۇملىنىپ سېسىيدۇ.

**2. يۇقىرى تېمپېراتۇرا زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللى-
رى:** (1) سايە چۈشۈرۈپ شامالدىتىش، يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا ئۇچرىسا،
تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، كۈن نۇرى توسۇغۇچى تور
يېپىپ، تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك؛ (2) سۇ، ئوغۇت باشقۇرۇشنى
كۈچەيتىش، ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتتا سۇغىرىشقا دىققەت قىلىپ، تۇپراق نەم-
لىكىنى يۇقىرى ساقلاپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. پار-
نىكلاردا كۈز، قىش پەسلىدە تەرخەمەك مايسىسىنى تىكىپ بولغاندىن كې-
يىن يۇقىرى تېمپېراتۇرا زىيىنىغا ئۇچرىسا، يېڭى يىلتىزلار ۋاقتىدا ئۆ-
سەلمەي ياغاچلىشىۋېلىپ، قۇتقۇزۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ؛ (3) دورا
ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا، تىئەندا 2116 قاتارلىقلار تەرخەمەكنىڭ يۇقىرى
تېمپېراتۇرىغا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. يۇقىرى تېمپېرا-
تۇرا تەسىرىدىن مېۋە سېسىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بوردو سۇيۇقلۇ-
قىنى پۈركۈسە بولىدۇ. (03)

# قوغۇن كۆك پىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ھۆرنىگۈل قۇربان
(يەكەن ناھىيە گۈلباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844700)

**1. زىيان سېلىش ئالامىتى:** كۆك پىت قوغۇن يوپۇرمىقىنىڭ ئارقىسى ۋە يۇمران غولىدىكى شىرنىسىنى سۈمۈرۈپ ئوزۇقلىنىپ، يوپۇرماقنى پۈرلەشتۈرۈپ، يۇمران توقۇلمىلارنىڭ ئۆسۈشىنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ، پىلەكنىڭ شىرنىلىك ئوزۇقلۇقىنى كۆپلەپ زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. كۆك پىت ئاجرىتىپ چىقارغان شىلىمشىق ماددىلار يوپۇرماق يۈزىنى بۇلغاپ، نۇر بىرىكتۈرۈش (فوتوسىنتېز) رولى ۋە نەپەسلىنىش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، پىلەكنىڭ ئۆسۈشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ. كۆك پىت قوغۇن ۋىرۇس كېسىلىنى تارقىتىدىغان ۋاستە بولۇپ، ۋىرۇس كېسىلىنى يۇقۇملاندۇرغاندىن كېيىن قوغۇن تۈپىدە ئالا يوپۇرماق، غەيرىي شەكىللىك يوپۇرماق ۋە پاكارلىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈپ، تۈپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە، مەھسۇلاتىغا ۋە سۈپىتىگە ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**2. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** ① كۆشەندىلەر ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: كۆك پىت دائىم خانقىز، ئالتۇنكۆز، كۆك پىت يەيدىغان چىۋىن قاتارلىق كۆشەندىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. كۆك پىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، ئەڭ ياخشىسى كۆك پىت كۆشەندىسىنى قوغداش ۋە پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كونترول قىلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك. ئەگەر كۆك پىتقا قارىتا كەڭ كۆلەمدە دورا چېچىلسا كۆشەندە ھاشاراتلارمۇ كۆپلەپ يوقىلىپ، كۆك پىتنىڭ تېخىمۇ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا كۆشەندىلەرگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك شەرتى ئاستىدا دورا چېچىش كېرەك؛ ② كۆك پىت بىرقەدەر يىغىنلىك پەيدا بولغان ئېتىزلارغا سېرىق تاختاي ئېسىپ جەلپ قىلىپ يوقاتسا، زىيان سېلىشنى يىغىنكلەتكىلى بولىدۇ؛ ③ كۆك پىت ئايرىم تۈپلەردە پەيدا بولغاندا كۆك پىت چۈشكەن مەركىزىي تۈپكە 30% لىك ئاتسېپات (乙酰甲胺磷) ياكى 40% لىك ئوكسىدلانغان روگور سۇتسىمان مېيى (氧化乐果乳油) نى بەش ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، غول تۈۋىنىڭ 10 سانتىمېتىر قىسمىغا

# قوغۇن يەر ئاستى زىياندىش ھاشاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئاسىمگۈل غوپۇر
(قەشقەر ۋىلايەتلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن 844000)

**1. يەر يولۋىسى:** شىنجاڭدا يەر يولۋىسىنىڭ تۈرلىرى بىرقەدەر كۆپ، ئەمما سېرىق يەر يولۋىسى بىلەن يوللۇق يەر يولۋىسى قوغۇنغا بىرقەدەر ئېغىر زىيان سالىدۇ. ئادەتتە يەر يولۋىسىنىڭ لىچىنكىسى قوغۇن مايسىسىغا زىيان سالىدۇ. ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققان لىچىنكىسى يۇمران مايسىنىڭ يۇمران بىخىنى ياكى يەر يۈزىگە يېقىن جايىدىكى يىلتىز بوغۇزىنى چىشلەپ زەخىملەندۈرىدۇ، ئۈچ ياشتىن كېيىن كۆپ ئوزۇقلىنىش باسقۇچىغا كىرىپ، يۇمران مايسىنىڭ غولىنى يەر يۈزىگە يېقىن جايىدىن چىشلەپ ئۈزۈۋېتىدۇ. يېنىك بولغاندا مايسا كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئېغىر بولغاندا پۈتۈن ئېتىزنى قايتا تېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) قىش كىرىشتىن ئىلگىرى يەرنى ئاغدۇرۇپ، سۇغىرىپ، تۇپراقتا قىشتىن ئۆتىدىغان لىچىنكىسى ۋە قورچاقنى يوقىتىش كېرەك؛ (2) قوغۇنلۇقتىكى ئوت - چۆپلەرنى ئوتاپ، ئوت - چۆپتە كۆپەيگەن تۇخۇمنى ۋە لىچىنكىسىنى يوقىتىش كېرەك؛ (3) يېـ

---

سۇرسە، كۆك پىتنى يوقىتىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ ④ قوغۇندا كۆك پىت ئومۇميۈزلۈك پەيدا بولغاندا، د د ۋ زەھەرلىك توپىسى بىلەن بۇسلاپ يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر موغا 80% لىك د د ۋ سۇتسىمان مېيى (敌敌畏乳油) دىن 100 - 150 مىللىلىترنى 10 - 15 گىرام يۇمشاق توپىغا ئارىلاشتۇرۇپ، قوغۇن يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىغا سېپىپ قويسا، كۆك پىتنى بۇسلاپ يوقاتقىلى بولىدۇ؛ ⑤ كۆك پىت پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 40% لىك روگور سۇتسىمان مېيى (乐果乳油) نىڭ 1000 - 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 2.5% لىك كارات سۇتسىمان مېيى (功夫乳油) نىڭ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك. (03)

تىلگەن ھاشارەتنى خىرە نۇرلۇق چىراغ، ئاچچىقسۇ، شېكەر سۈيۈقلۇقىغا جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك؛ (4) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: ① د د ۋ (敌敌畏) نىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا پۈركۈش ياكى يىلتىزىغا قۇيۇش كېرەك؛ ② 2.5% لىك دىساس (敌杀死) نىڭ 300 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك؛ ③ 85% لىك ئاتسېفات (乙酰甲胺磷) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك؛ ④ 50% لىك فوكسىم (辛硫磷乳油) سۇتسىمان مېيىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۈيۈقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك؛ ⑤ 85% لىك ئاتسېفات ياكى 50% لىك فوكسىم سۇتسىمان مېيىنىڭ بىر ئۈلۈشىگە 20 ئۈلۈش سۇ قوشۇپ، ئۇنىڭغا قورۇتۇلغان كۈنجىرە ياكى بۇغداي كېپىكىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كەچقۇرۇن قوغۇن مايسىسى ئەتراپىغا قويۇش كېرەك. بۇنداق يەمچۈكنى ھەر مو يەرگە 4 ـ 5 كىلوگىرامدىن قويسا چوڭ ياشلىق لىچىنكىلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

**2. يىڭنىسىمان سېرىق ئوت:** لىچىنكىسى تۇپراقتا قوغۇننىڭ بىخلانغان ئۇرۇقى، يۇمران يىلتىزى ياكى يۇمران غولى بىلەن ئوزۇقلىنىپ، مايسا كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** ① كۈزدە يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ۋە يازدا شۇدىگەر قىلىنغان يەرنى ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىش ئارقىلىق، تۇپراقتىكى تۇخۇم، لىچىنكا ۋە قورچاقلىرىنى يوقىتىش لازىم؛ ② شېكەر قىيامى ۋە خىرە نۇرلۇق چىراغقا جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. شېكەر قىيامىغا ئازراق ھاشارات يوقىتىدىغان دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، يېتىلگەن يىڭنىسىمان سېرىق قۇرتنى يوقىتىش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. خىرە نۇرلۇق چىراغنىڭ يېتىلگەن ھاشاراتنى يوقىتىش ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ؛ ③ زەھەرلىك يەمگە جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. دىپتېرېكس (敌百虫) كە كۈنجۈرە ياكى بۇغداي كېپىكى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان يەمچۈككە يىڭنىسىمان سېرىق قۇرتنى جەلپ قىلىپ يوقاتسا، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارى يەمچۈك ماتېرىيالىنىڭ 1% چىلىك بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. (03)

# تەرخەمەك يىلىك ئۆرۈش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى

ئايىمنىسا مەمتىمىن
(ئاقتۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845550)

**1. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** بۇ خىل كېسەللىك ئاساسلىقى پارنىك ئىچى نەملىكى يۇقىرى بولۇش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش شارائىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، زىچ تېرىش، تەكرار تېرىش، باستۇرۇپ سۇغىرىش، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئامىللار تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ خىل كېسەللىك تەرخەمەك ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىرىدە كۆرۈلىدۇ. مايسا مەزگىلىدە ئەمدىلا ئۈنگەن يۇمران غولىنىڭ يەر يۈزىگە يېقىن قىسمى سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىپ، سولۇق قاپارتما پەيدا بولۇپ، پەللە يوپۇرماق سولىشىدۇ ياكى پۈتۈن تۈپ تىك قۇرۇيدۇ. يوپۇرماق كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانغاندا، يوپۇرماق يۈزىدە يۇمىلاق قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك داغلىرى پەيدا بولىدۇ، كېسەللەنگەن يوپۇرماق ئاسانلا تېشىلىدۇ، غول قىسمى يۇقۇملانسا سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك ئېلىپسىس شەكىللىك داغ پەيدا بولىدۇ ھەمدە كېسەللەنگەن ئورۇندا يېلىمسىمان ماددا ھاسىل قىلىدۇ. ئېغىر بولغاندا غولىنىڭ ئاساسىي قىسمى چىرىپ، قۇرۇپ ئاسانلا ئۈزۈلىدۇ. كېسەللىك كۆرۈلۈپ بىر ھەپتە ئىچىدە قىسمەن دائىرىدە ياكى پۈتۈن پارنىكتىكى تۈپلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ نابۇت بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) سورت تاللاش: كېسەللىك، ناچار شارائىتلارغا چىداملىق، يۇقىرى ھوسۇللۇق، رايونىمىزدا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئەلا سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم؛ (2) ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىش: ئۇرۇقنى 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە 30 مىنۇت ئەتراپىدا چىلاپ، ئاندىن سۈزۈك سۇدا چايقاپ بىخلاندۇرۇپ تېرىش ياكى ئۇرۇقنى

1 ـ 3 كۈن ئاپتاپقا سېلىپ، 55℃ لۇق سۇغا 10 ـ 15 مىنۇت ئەتراپىدا چىلاش، سۇ تېمپېراتۇرىسى 30℃ ـ 35℃ قا چۈشكۈچە توختىماستىن ئارىلاشتۇرۇپ، سۈزۈك سۇغا تۆت سائەت چىلاپ سۈزۈۋېلىپ، سۈزۈك سۇدا بىر قېتىم چايقاپ يۇيۇپ سۇيىنى ساقىتىۋېتىپ، نەم لاتىغا ئوراپ 28℃ ـ 32℃ لۇق شارائىتتا 1 ـ 2 كۈن بىخلاندۇرۇپ، ئاندىن تېرىش لازىم؛ (3) توپا بىلەن ئورگانىك ئوغۇتنى 6:4 ياكى 7:3 نىسبەت بويىچە تەكشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەر كۇب مېتىر توپىغا 50 ـ 100 گىرام 50% لىك باۋىستىن نەملىنىشچان پاراشوكى ياكى 40% لىك 50 ـ 100 گىرام فوكسىم (辛硫磷) دورىسىنى سۇدا ئېرىتىپ، تەكشى پۈركۈپ ئارىلاشتۇرۇپ مايسا يېتىشتۈرۈش لازىم؛ (4) پارنىكنى يۇقىرى تېمپېراتۇ-رىدا دېزىنفېكسىيەلەش: ئۇنىڭدىن باشقا مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن بۇرۇن 40% لىك فورمالىن (福尔马林) دورىسىدىن 100 ھەسسىلىك ئېرىتمە تەييارلاپ، بىر كىلوگىرام فورمالىن ئېرىتمىسىنى 4 ـ 5 مىڭ كىلو-گىرام تۇپراققا پۈركۈپ تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، يالتىراق بىلەن 2 ـ 3 كۈن ھىم يېپىپ دۈملەپ تۇپراقتىكى باكتېرىيەلەرنى يوقىتىش، 70% لىك مې-تىل توپسىن (甲基托布净) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پارنىك ئىچى ۋە تام، تۈرۈك، جازا قاتارلىقلارغا تەكشى پۈركۈش، تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ ئاپتاپقا سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم؛ (5) نۆ-ۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، پەرۋىشنى كۈچەيتىش، ئورگانىك ئوغۇتنى يېتەر-لىك بېرىش، كالىيلىق، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى قوشۇمچە بېرىش ئارقىلىق تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، باستۇرۇپ سۇغىرىشتىن ساقلىنىش، نەملىكىنى، تېمپېراتۇرىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، كېسەللەنگەن يوپۇرماق ۋە تۈپلەرنى ۋاقتىدا ئېتىز سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كۆمۈش ياكى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق، كېسەللىكنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم؛ (6) خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئال-

# ئالما كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ئەركىنئاي مەمەتجان
(غۇلجا ناھىيە خۇدىيەريۈزى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835000)

**1. ئالما چىرىش كېسىلى:** (1) سۇغىرىش، ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىش، يەنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىش، ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك؛ (2) كېسەللەنگەن، قۇرۇغان شاخلارنى، كېسەللىنىپ قىرىۋېتىلگەن قوۋزاقلارنى ۋاقتىدا يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم؛ (3) باش باھاردا دەرەخ بىخ چىقىرىشتىن ئىلگىرى 40% لىك ئاسومات (福美胂) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 100 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك؛ (4) كېسەللىك دېغىنى قىرىۋېتىش لازىم. باش باھار ۋە كەچ كۈزدە كېسەللىك دېغى بار چىرىگەن قوۋزاقنى قىرىۋېتىپ، 40% لىك ئاسومات نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 25 ـ 50 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 5% لىك جۈندۈچىڭ (菌毒清) نىڭ 20 ـ 50 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى مېتىل توپسىن (甲基托布净)، ئاسومات، ۋازېلىن (凡石林) نى 1:1:8 نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

**2. ئالما يارا كېسىلى:** (1) ئالمىلىق باغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، كېسەللەنگەن، قۇرۇغان شاخلارنى چاتنىۋېتىش ھەم ۋاقتىدا تازىلىۋېتىش كېرەك؛ (2) كېسەللەنگەن قوۋزاقنى ۋاقتىدا قىرىۋېتىش ھەم قوۋزىقى سويۇۋېتىلگەن ئورۇنغا 40% لىك ئاسومات نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 25 ـ

دىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: كېسەللىك يۈز بەرگەن دەسلەپكى مەزگىلدە تىرىزىمان (代森锰锌) نى 10 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، بوغۇمغا سۈرسە كېسەللىكنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 50% لىك باۋىستىن نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 200 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى، 75% لىك داكونىل (百菌清) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 3 ـ 4 قېتىم پۈركۈش، ھەر مو يەرگە 45% لىك داكونىل ئىسلاش دورىسىدىن 250 ـ 300 گىرامنى 5 ـ 6 ئورۇنغا قويۇپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم ئىسلاش كېرەك. (02)

50 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 10% لىك گوكاڭباۋ (果抗宝) دورىسىنىڭ 5 ـ 10 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 30% لىك فۇلەندى (腐烂敌) دورىسىنىڭ 30 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ياكى 5% لىك جۇندۇچىڭ سۇيۇق دورىسىنىڭ 20 ـ 50 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى سۈرۈش لازىم.

**3. ئالما قارا چوقۇر كېسىلى:** (1) كارانتىننى كۈچەيتىپ، كېسەللىك مىكروبى بىلەن يۇقۇملانغان كۆچەتلەرنى، ئۇلاقلارنى ئەكىرىشتىن، كېسەللىك تارقالغان رايوندىن مېۋە يۆتكەشتىن ساقلىنىش كېرەك؛ (2) كۆزنىڭ ئاخىرلىرى، قىشنىڭ بېشىدا مېۋىلىك باغدىكى غازاڭ، كېسەللەنگەن مېۋە قاتارلىقلارنى تەلتۆكۈس تازىلاپ، يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش ياكى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىش لازىم؛ (3) چېچەكلەشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلاپ 77% لىك كېشادې (可杀得) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 70% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 50% لىك بېنومىل (苯菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 50% لىك باۋىستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 70% لىك تىئوفانات مېتىل (甲基硫菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە بولىدۇ.

**4. ئالما قوڭۇر داغ كېسىلى:** (1) پەرۋىشىنى كۈچەيتىش، مۇۋاپىق دەرەخ شەكلىنى ساقلاش، دەرەخنىڭ كېسەلگە چىداملىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (2) كۆزنىڭ ئاخىرلىرى، قىشنىڭ باشلىرىدا غازاڭلارنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم؛ (3) 1:2:200 نىسبەتتە تەييارلانغان بوردو سۇيۇقلۇقىنى ياكى 36% لىك مېتىل توپسىن ئېمولسىيەلىك دورىسىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 70% لىك مانكوزېپ نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 50% لىك رووۋرال (扑海因) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 64% لىك ساندۇفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش لازىم. (02)

# تاۋۇز پىلىك قۇرۇش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

رىزۋانگۈل توختىشا
(توققۇزتارا ناھىيە تېك ئېرىق يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835400)

تاۋۇزنىڭ پىلىكى قۇرۇش كېسىلى قارا چىرىش كېسىلى، قارا داغلىنىش كېسىلى ياكى يوپۇرماق داغلىنىش كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا تاۋۇزنىڭ پىشىش مەزگىلىدە كۆرۈلىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەللىك تاۋۇزنىڭ پىلەك، يوپۇرماق ۋە يوپۇرماق ساپاقلىرىدا پەيدا بولىدۇ. يوپۇرماق زىيانغا ئۇچرىسا دەسلەپتە يوپۇرماقتا قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك دېغى شەكىللىنىدۇ، كېيىنچە كېسەللىك دېغى ئۇستىدە ئۇششاق قارا چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ. پىلەك زىيانغا ئۇچرىسا دەسلەپتە پىلەكنىڭ ئاساسىي قىسمىدىكى شاخ ئايرىغان ئورۇندا قايناق سۇدا كۆيگەندەك كېسەللىك دېغى پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك دېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ يېرىلىپ قۇرۇيدۇ.

**2. پەيدا بولۇش ۋە تارقىلىش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك مىكروبى تۇپراقتىكى چىرىمىگەن ئوغۇتلار ئارقىلىق قىشتىن ئۆتۈپ، كېيىنكى يىللىق كېسەللىك مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇرۇقمۇ مىكروب ئېلىپ يۈرىدۇ، كېسەللىك مىكروبى يۇقۇپ تارقىلىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرىسى 20℃ ـ 30℃ بولغاچقا، ئۇرۇقنى چوقۇم 55℃ لۇق سۇدا دېزىنفېكسىيە قىلىپ تېرىش كېرەك. يۇقىرى تېمپېراتۇرا، يۇقىرى نەملىك، شامال ئۆتۈشۈش ناچار بولغان ئېتىزلاردا كېسەللىك ئاسان پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) مىكروبسىز ئۇرۇقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش: تېرىشتىن ئىلگىرى 50% لىك تىرام (福美双) نىڭ 500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 80% لىك «402» نىڭ 3000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىگە ئۇرۇقنى بەش سائەت چىلاش كېرەك؛ (2) ئېتىز باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىش، ئورگانىك ئوغۇت ۋە كالىيلىق، فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى كۆپەيتىپ بېرىش، ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى كونترول قىلىش، ھاۋا ئۆتۈشۈشىنى ياخشىلاپ، تۆپىلەرنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ (3) كېسەللىك قالدۇقلىرىنى يىغىپ كۆيدۈرۈش، ئېگىز ئالماشتۇرۇپ تېرىشنى يولغا قويۇش كېرەك؛ (4) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشتا، 50% لىك سۇمىلىكس (速克灵) ياكى 50% لىك روۋرال (扑海因) نىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى ياكى 50% لىك داكونىل (百菌清) نىڭ 600 ھەسسىلىك ئېرىتمىسى قاتارلىقلاردىن خالىغان بىرىنى پۈركۈپ چاچقاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ ھەم كېسەللىكنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. (02)

# پالەك ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

روزىگۈل ئابدۇقادىر
(توققۇزتارا ناھىيە تاشتۆپە يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835400)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەلنىڭ تارقىلىشى كەڭرى بولۇپ، بەزى ئېتىزلاردىكى كېسەللىنىش نىسبىتى 80% تىن ئاشىدۇ. كېسەللىك ئېغىرراق بولغان ئېتىزلاردا پالەك قىشلاشتىن ئىلگىرىلا كۆپلەپ نابۇت بولۇپ كېتىدۇ. قىشتىن ئۆتكەندىن كېيىن بەزى چاغلاردا مايسىنىڭ نابۇت بولۇشى 50% كە يېتىدۇ. كېسەل تۈپتە ئاساسەن ئالا يوپۇرماق، يوپۇرماق قورۇلۇش، يوپۇرماق غەيرىي شەكىلدە بولۇش ۋە پاكارلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە يوپۇرماقنىڭ گىرۋىكى ۋە يوپۇرماق ئۇچى ئىچى تەرەپكە قاراپ، قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ قۇرۇپ قالىدۇ.

**2. تارقىلىش ئالاھىدىلىكى:** پالەك ۋىرۇس كېسەللىكىنىڭ مىكروبى كۆپ يىللىق ئوت - چۆپلەر ۋە كۈزدە تېرىلغان پالەكنىڭ ئۈستىدە قىشلايدۇ، ئەتىياز پەسلى كۆك پىت ۋە شىرنە سۈيۇقلۇقى ئارقىلىق تارقىلىپ يۇقۇپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) كېسەلگە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش؛ (2) ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، مايسىنى ساغلام يېتىلدۈرۈپ، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ (3)سېرىق تاختاي ئارقىلىق كۆك پىتنى جەلپ قىلىپ يوقىتىش ياكى كۈمۈش رەڭ يالتىراقتىن پايدىلىنىپ كۆك پىت قاچۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ۋىرۇس يۇقتۇرىدىغان كۆك پىتنى تىزگىنلەپ، ۋىرۇس تارقىتىش پۇرسىتىنى ئازايتىش؛ (4) 50% لىك مالاتىيون (马拉硫磷) سۇتسىمان دورىسىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش ياكى 40% لىك روگور (乐果) سۇتسىمان دورىسىنى چېچىش ئارقىلىق كۆك پىتنى يوقىتىش كېرەك. (02)

# سۇغىرىش رايونىدىكى سۇ مىقدارى تەڭپۇڭلۇقىنى ھېسابلاش ئۇسۇلى

تاجىگۇل سەمەت
(ئاتۇش شەھىرى ئارغۇ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

سۇ بايلىقى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق بايلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق ئىگىلىكى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، خەلق تۇرمۇشى ۋە باشقا ھەر قايسى ساھەلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك.

يېزا ئىگىلىكىدە پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشتە، سۇغىرىش رايونىدىكى سۇ مىقدارى تەڭپۇڭلۇقىنى ھېسابلاش ئىنتايىن مۇھىم. سۇغىرىش رايونىدىكى سۇ مىقدارى تەڭپۇڭلۇقىنى ھېسابلاش سۇ قاچىلاش سۇغىرىش ئىنشائاتلىرىنى پىلانلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەرقايسى سۇغىرىش رايونلىرىدا كۆپىنچە كۆپ خىل سۇ ئېلىش شەكىللىرى ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىپ، كۆپ خىل سۇ مەنبەلىرىدىن سۇ باشلاپ، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كۆل ـ ئامبارلار سۇ قاچىلاش، باشلاش، تارتىش، تەڭشەش بىرلەشتۈرۈلگەن سۇغىرىش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. بۇ خىل سۇغىرىش سىستېمىسىدا سۇ مەنبەسىدىن تارتىپ ھەرقايسى سۇ قاچىلايدىغان كۆل ـ ئامبار، سۇ باشلاش ھەر دەرىجىلىك ئۆستەڭلەر، يۇقىرى ئېقىنلاردىكى يىللىق ئومۇمىي سۇغىرىش ئېقىمى ھەرقايسى ئاي ۋە دىكالار بويىچە تەپسىلىي ھېسابلاپ، سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى ۋە ئۈنۈۋېرسال سۇ سۇغىرىش نورمىنى تەپسىلىي ھېسابلاپ چىقىش كېرەك.

توسمىلىق كۆللەر ـ ئامبارلار تەمىنلەيدىغان سۇ مىقدارىنى ئىشلىتىش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن تارقاقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلىدۇ، ھەرقايسى ئايلاردىكى ھەرقايسى زىرائەت تۈرىنىڭ سۇ ئىشلىتىش، سۇ مىقدارى ھېسابلاپ چىقىلىپ، ھەرقايسى زىرائەتلەرنىڭ جىددىي سۇغا ئېھتىياجلىق ۋاقتىغا ئاساسەن سۇ تەقسىملىنىپ ۋە تەمىنلىنىپ، سۇ ئىشلىتىش يۇقىرى پەللىسى كېمەيتىلىپ، بىرقەدەر تەكشى بولغان سۇغىرىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ.

# تۆل ئېلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك نۇقتىلار

ياسىن راخمان
(يەكەن ناھىيە ئازاتباغ يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844700)

تۆل ئېلىش بىلىملىرىنى ياخشى ئىگىلەش قوزىلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ باقمىچىلىق ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا. شۇڭلاشقا تۆل ئېلىشتا بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلارنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

بوغاز ساغلىقنىڭ تۆللەش ۋاقتى يېقىنلاشقاندا، ئالدىن تۇغۇت ئۆيى تەييارلاپ، تەگلىك (چۇشەك) سېلىش، ھەمدە 0.1% لىك بەيدۇشا (百毒杀) ياكى 0.2% لىك ئاتسېتىك پروكسىد (过氧乙酸) بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. بوغاز ساغلىقنىڭ تۆللەش ئالدىدىكى ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە

توسمىلىق، كۆل ـ ئامبارلار تۈزلەڭلىكلەردىكى پۈتۈن سۇغىرىش رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ، سۇغىرىش رايونى ئىشلەتكەن ساپ سۇ مىقدارى توسمىلىق كۆللەر تەمىنلىگەن سۇ مىقدارىنى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىنكى سۇ مىقدارى ئۆستەڭ تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى بولىدۇ. توسمىلىق كۆللەر تەمىنلەيدىغان سۇنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى سۇ ئامبارلار ئۇستىگە ئالىدۇ. ئامبار تەمىنلىگەن سۇنى ئېتىزغا يوللاش جەريانىدا ھەر دەرىجىلىك ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە خورايدىغان بولغاچقا، ئۆستەڭ تەمىنلىگەن سۇ مىقدارىدىن سۇغىرىدىغان سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىنكى سۇ مىقدارى ئامبار تەمىنلىگەن سۇ مىقدارى بولىدۇ.

قىسقىسى، سۇغىرىش رايونلىرى سۇ مىقدارى تەڭپۇڭلۇقىنى ياخشى ھېسابلاپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ياخشى ماسلاشتۇرغاندىلا ئاندىن نورمال سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىپ، يېزا ـ ئىگىلىكتىن مول ـ ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ. (05)

دەرھال ساغلىقنىڭ يىپلىرى بىلەن سىرتقى جىنسىي ئەزا ئەتراپىنى يود بىلەن دىزىنفېكسىيەلەپ، تۇغۇت ئۆيىگە ئەكىرىپ كۆزىتىش كېرەك. ساغلىقنىڭ تۆللەش ۋاقتى كۆپ ھاللاردا كەچ سائەت 10 دىن ئەتىگەن سائەت ئۇچكىچە بولىدۇ. ساغلىق تۆللەپ بولغان ھامان دەرھال يود بىلەن قوزىنىڭ كىندىكىنى دىزىنفېكسىيە قىلىپ، دىزىنفېكسىيە قىلىنغان يىپ بىلەن قورساق تەرەپتىن ئىككى سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ ياخشى چىگىش، دىزىنفېكسىيە قىلىنغان قايچا بىلەن كىندىكنىڭ ئۇچىنى كېسىش ھەمدە ساغلىق قوزىنى يالاپ بولغاندىن كېيىن دىزىنفېكسىيە قىلىنغان لاتا بىلەن قوزىنىڭ ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاقلىرىدىكى ھەمدە بەدەن سىرتىدىكى قالدۇق شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلارنى پاكىز سۈرتۈۋېتىش كېرەك. ھاۋا سوغۇق ۋاقىتتا تۇغۇلغان قوزىلارنى دەرھال ئىسسىق جايغا يۆتكەش كېرەك. ئەگەر قوزىنىڭ ئېغىز ياكى كانايغا باش سۇيى كىرىپ كەتسە يۇرەك سوقىدۇ، ئەمما نەپەسلىنىش توختاپ قالىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا قوزىنىڭ ئارقا ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ، بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ، بويۇن ۋە كۆكرەك قىسمىغا بىرنەچچىنى يەڭگىل ئۇرۇپ قويسا باش سۇيى ئېقىپ چىقىدۇ. ئاندىن قوزىنىڭ ئېغىزىنى لاتا بىلەن پاكىزە سۈرتىۋېتىپ، ئىككى قول بىلە قوزىنىڭ كۆكرىكىنى بىر سىقىپ بىر قويۇپ بېرىپ سۈنئىي نەپەسلەندۈرسە، قوزىنىڭ نەپەسلىنىشى تېزدىن نورمال ھالەتكە كېلىدۇ. ئەگەر ساغلىق تۇغۇتتا قىينالسا، مۇناسىۋەتلىك خادىم قولىنى يود بىلەن دىزىنفېكسىيە قىلغاندىن كېيىن، قولىنى تۇغۇت يولىغا كىرگۈزۈپ، تۇغۇتقا ياردەم بېرىش ياكى تۆلنىڭ بالىياتقۇدىكى ئورنىنى توغرىلاپ، ئاستا تارتىپ ئېلىش كېرەك. ئەگەر تۆل بەك چوڭ بولۇپ تۇغالماي قالسا، دەرھال مال دوختۇرى تەكلىپ قىلىپ ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش كېرەك. (02)

# توخۇنىڭ تۇخۇم مەھسۇلاتىنى كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

تۆمۈر ئىمىن
(قۇمۇل كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدىن 839000)

1. بېقىش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك: مۇۋاپىق زىچلىقتا بېقىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. توخۇنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ، كېسەل، ئاجىز، يېشى چوڭ توخۇلارنى ئايرىپ بېقىپ، بېقىلىش زىچلىقىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئادەتتە قەپەزدە باققاندا توخۇ تېنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ 2 ـ 3 توخۇنى بىر قەپەزدە بېقىش، تۈز يەردە باققاندا ھەر كىۋادرات مېتىر يەردە 3 ـ 5 كېچە توخۇنى بېقىش كېرەك. شارائىت يار بەرسە ھەر 200 توخۇنى بىر توپ قىلىپ باقسا بولىدۇ. توخۇغا يېڭى، پاكىز سۇ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش، ياز كۈنلىرى ھاۋا راسا ئىسسىغان مەزگىللەردە توخۇنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى 3 ـ 4 ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ، شۇڭا ئۇسسىز قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ياز كۈنلىرى توخۇنىڭ مايىقى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىنمىسا، ئاسانلا ئېچىپ ئاممىياك گازى، ھىدرو سۇلفىد قاتارلىق زىيانلىق گازلار ھاسىل بولۇپ، نەپەسلىنىش يولى كېسەللىكلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا توخۇخانىدىكى ماياق، سىيلىنچا قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا تازىلاپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. توخۇلارنى يۆتكەش ۋاكسىنا ئەملەش قاتارلىق ئىشلارنى ئەڭ ياخشىسى ئەتىگەن ياكى كەچتە ئىشلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا توخۇنىڭ يېمى ياكى ئىچىدىغان سۈيىگە ۋىتامىن C، E ۋە ۋىتامىن B گۇرۇپپىسىدىكىلەر ۋە سودا قوشۇپ بېرىش كېرەك. ياز پەسلى ھاۋا ئىسسىق، بەزىدە نەملىك يۇقىرى بولۇش سەۋەبلىك توخۇلاردا ئاسانلا ھەر خىل كېسەللىكلەر كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا ۋاكسىنا ئەملەش خىزمىتىنى ئىشلىگەندىن سىرت، توخۇنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇش، بىنورماللىق بايقالغان ھامان ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىش كېرەك. بالدۇر بايقاش، بالدۇر ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق كۆتۈلمىگەندە كۆرۈلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. توخۇلاردا ئاق چىچقاق، تەن ئىچى پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. شۇڭا توخۇنى تولۇق قىممەتلىك ئوزۇقلۇقلار بىلەن بېقىشقا ۋە دېزىنفېكسىيەنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

2. توخۇخانا تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ، بېقىش مۇھىتىنى ياخشىلاش كېرەك. تۇخۇم تۇغۇۋاتقان توخۇلارغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان تېمپېراتۇرا 15℃ ـ 25℃ بولىدۇ. توخۇخانا تېمپېراتۇرىسى 28℃ دىن ئاشقاندا توخۇنىڭ يەم يېيىشى تەدرىجىي تۆۋەنلەيدۇ. تۇخۇم تۇغۇشىمۇ ماس ھالدا تۆۋەن بولىدۇ. توخۇخانا تېمپېراتۇرىسى 38℃ دىن ئاشقاندا تۇخۇم تۇغۇشتىن توختايدۇ، ھەتتا بەزى توخۇلار ئىسسىق ئۆتۈپ ئۆلۈپ قالىدۇ. شۇڭا توخۇخانا تېمپېراتۇرىسىنى 28℃ دىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋا تەڭشەش ئۈسكۈنىسى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتلاردا ئىشىك، دېرىزىلەرنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھاۋا ئىسسىق مەزگىللەردە توخۇخانىغا سۇ پۈركۈشمۇ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىتىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

3. دېزىنفېكسىيەنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. توخۇ تۇرىدىغان ئورۇن، سايمان، يەر يۈزى، تام، قەپەز، سۇدان، يەمدانلارنى ئوت ـ چۆپ كۈلى، ھاك ياكى بەيدۇشا (百毒杀)، بىروموگېرامىن (新洁尔灭)، ئاتسېتىك پىروكسىد (过氧乙酸) قاتارلىقلار بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلسا بولىدۇ. ياز كۈنلىرى توخۇ تۇرىدىغان ئورۇننى تۇمانلىتىپ دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلسا باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمىگە ئېرىشىپلا قالماي، ھاۋانى تازىلاشقىمۇ پايدىسى بولىدۇ ھەم تېمپېراتۇرىنى تۆۋەنلىتىش رولىمۇ بولىدۇ.

4. كۈندىلىك يېمىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ئىسسىققا چىدامچانلىقىنى كۈچەيتىش، شۇنداقلا توخۇ يېمىنى تەڭشىگەندە تولۇق قىممەتلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. توخۇ بەك ئىسسىق مۇھىتتا تۇرغاندا يەم يېيىشى 10% ـ 30% تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. شۇڭا يەم ـ ئوزۇق تەييارلىغاندا يەمنىڭ تۈرى، سۈپىتى، توقلۇق تەركىبىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، يەمنىڭ ئېنېرگىيە سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش، تېتىمچانلىقىنى ياخشىلاش ئارقىلىق يەم يېيىش مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. يەمدىكى يېرىك ئاقسىلنىڭ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىپ، زۆرۈر بولغان ئامىنو كىسلاتاسى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنى توخۇ يېمىگە 0.1% ـ 0.15% مېتيونىن

# كومباين مەشغۇلاتىدا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

مەمەتھاجى ئابلىكىم
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن 845350)

1. شوپۇر چوقۇم كومباين مەشغۇلات قائىدىسى بويىچە تەربىيەلىنىشى ھەمدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى تارقىتىپ بەرگەن ئۇنۇملۇك شوپۇرلۇق كىنىشكىسىنى ئالغاندىن كېيىن شوپۇر بولۇش كېرەك.

2. ئادەمنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، كومباينىنى ھەيدەشتىن ئىلگىرى ئورۇش سۇپىسى ئالدىدىكى، ئەتراپىدىكى ئۈچ مېتىر ئارىلىقتا ئادەم بار ـ يوقلۇقىغا دىققەت قىلىش، قولنى كومباينىنىڭ ئورۇش سۇپىسى، يەتكۈزۈپ بەرگەن ماتېرىيالنى ئارىلاشتۇرغۇچ، شوراش چاقى، پاخال چىقىرىش ئېغىزى، ئارقا شامالدۇرغۇچ قاتارلىق خەتەرلىك قىسىملارغا يېقىنلاشتۇرماسلىق كېرەك.

3. ماشىنا ئايلىنىۋاتقاندا ئاشلىق ساندۇقىنىڭ ئاغزىنى ھەرگىز ئاچماسلىق كېرەك.

4. ئورۇش سۇپىسىنى كۆتۈرۈپ رېمونت قىلىشقا توغرا كەلسە ئورۇش سۇپىسى ماي سىلىندىرىنى قۇلۇپلاپ، ئورۇش سۇپىسىنىڭ تاسادىپىي چۈشۈپ كېتىپ، ئادەمنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

---

(蛋氨酸)، 0.05% لىسىن كىسلاتاسى (赖氨酸) قوشۇپ بېرىش، كالتسىي بىلەن فوسفورنىڭ نىسبىتىنى 1:5 قىلىپ تەڭشەش، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋىتامىن C، E ۋە ۋىتامىن B گۇرۇپپىسىدىكى ۋىتامىنلارنى قوشۇپ بېرىپ، يەمنىڭ تېتىمچانلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. يىلتىز يېمىشلىك كۆك ئوت ـ چۆپلەرنى توغراپ بېرىش ئارقىلىق كاربون سۇ بىرىكمىلىرىگە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ياز كۈنلىرى توخۇنىڭ يېمىنى نەمدەپ بېرىپ، ئۇزۇق ئىسراپچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (02)

5. موتورنى ئوت ئالدۇرۇشتىن بۇرۇن ھەرقايسى قىسىملارنىڭ بىخەتەر-لىك قوغداش قاپقاقلىرىنى ئېتىش كېرەك.

6. سۇرئەت ئۆزگەرتىش دەستىسىنىڭ بوش خوت ئورنىدا تۇرغان - تۇرمىغانلىقىنى، خىزمەت مۇفتىسى، ئاشلىق چۇشۇرۇش مۇفتىسىنىڭ ئايرىش ئورنىدا تۇرغان - تۇرمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

7. ماشىنا ئايلىنىۋاتقاندا ماشىنىنىڭ پاخال چىقىرىش ئېغىزى ئارقى-سىدا تۇرماسلىق كېرەك.

8. ماشىنىنىڭ ئورۇش سۇپىسىدىكى ئارىلاشتۇرغۇچ توسۇلۇپ قېلىش، ئورۇش پىچىقىغا پاخال ئېسىلىۋېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرسە، ماشىنى-نى توختىتىپ، ئاچقۇچنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىش، ماشىنىنى توختاتماي تۇرۇپ خەتەرلىك قىسىملارغا قولىنى تىقىپ ئادال-ماسلىق كېرەك.

9. ماشىنىنى توختىتىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ماي كىلاپىنىنىڭ ماي بېرىشىنى كىچىكلىتىپ، كابىنكا ئىچى سول ئالدى تەرەپتىكى قىزىل رەڭلىك ئوت ئۆچۈرگۈچنى تارتىپ ئوتنى ئۆچۈرۈش كېرەك. ئوت ئۆچكەندىن كېيىن، تاسادىپىي ئوت ئېلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئوت ئۆچۈرۈش ۋىكيۇچاتېلنى دەرھال ئەسلىي ئورنىغا قايتۇر-ماسلىق كېرەك.

10. ئەگەر رادىياتور بەك قىزىپ قايناپ كەتسە، رادىياتور قاپقىقىنى دەرھال ئاچماسلىق كېرەك. رادىياتور سوۋۇغاندىن كېيىن، ئەتراپىدا ئادەم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا رادىياتور قاپقىقىنى لاتا بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇ-رۇپ، ئاستا - ئاستا بۇراپ ئېچىش كېرەك.

11. كومبايىن زاپچاسلىرىنى كەپشەرلەپ رېمونت قىلغاندا، ئوت ئاپىتى يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كەپشەرلەش قىسىملىرىنىڭ ئەترا-پىدىكى ئوت - چۆپ، ماي يۇقۇندىلىرىنى پاكىز تازىلاش كېرەك.

12. موتورنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەي تۇرۇپ كاشىلىنى ئوڭشاشتىن ساق-

# تېرىلغۇ يېرى ئورمانغا قايتۇرۇلغان، دېھقانلارنى تەربىيەلەش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئايگۈل گالى
(قۇمۇل شەھىرى راھەتباغ يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)
باسىت تالىپ
(قۇمۇل شەھىرى غەربىي تاغ يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)

رايونىمىزدا تېرىلغۇ يەرنى ئورمانغا قايتۇرۇش تۈرى 2002 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، 2010 ـ يىلىغىچە سەككىز يىل بويىچە ھېسابلاپ، تېرىلغۇ يېرى ئورمانغا قايتۇرۇلغان دېھقانلارغا ھەر مو يەرگە 190 يۈەن تولۇقلىما پۇل بېرىلگەن. يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى ئارقىسىدا، 2010 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە يەنە سەككىز يىل ئۇزارتىلىپ، تولۇقلىما پۇلى ھەر مو يەرگە 90 يۈەندىن بېرىلىدىغان بولدى. ئەمما تېرىلغۇ يېرىنى ئورمانغا قايتۇرغان دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر قاتار تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك.

1. تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش: ئاساسلىقى ئانلىق، مايلىق دان،

- - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - - -

لىنىش، موتورنىڭ ئوتى ئۆچكەن ياكى ماشىنا ئايلىنىۋاتقاندا، تولۇق قاپقىقىنى قەتئىي ئاچماسلىق كېرەك.

13. تاسادىپىي تولۇق توسۇلۇپ قالسا دەرھال توختىتىش كېرەك. تولۇق ئۈستى قاپقىقىنى ئاچقاندىن كېيىن، تولۇق چىشلىق دەستىسىنى قول بىلەن بىۋاسىتە ئايلاندۇرماسلىق ياكى تولۇقنى سۆرەش تاسمىسىنى ئادالماسلىق ھەم رېمونت قىلماسلىق كېرەك.

14. ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم بىرلا ۋاقىتتا تەڭشەپ رېمونت قىلغاندا، ماسلىشىپ ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك. ئەگەر ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئايلاندۇرۇشقا توغرا كەلسە، چوقۇم مۇددەتتىن بۇرۇن بىر ـ بىرىگە خەۋەر قىلىش كېرەك. (02)

پاختىدىن يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش تېخنىكىسى، يېشىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ ئىلمىي دورا ئىشلىتىش، تۇپراقنى تەكشۈرۈپ، رېتسىپلىق ئوغۇتلاش تېخنىكىسى قاتارلىقلار بىلەن تېرىلغۇ يېرى ئورمانغا قايتۇرۇلغان دېھقانلارنى نۇقتىلىق تەربىيەلەش كېرەك.

2. ئورمانغا قايتۇرغان يەرلەردە ئورمان ئارىسىغا بۇغداي، ئارپا، مايلىق دان، بىدە قاتارلىقلارنى تېرىشقا ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك.

3. ئورمانغا قايتۇرغان يەرلەردىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان سورتلارنى ئۇلاش كېرەك.

4. ئورمانغا قايتۇرۇلغان يەرلەردىكى مېۋىلىك باغلارنى ياخشى باشقۇرۇش، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

5. ئوغۇتلاشتا ھەر مو يەرگە بىر تونىنا مەھەللىۋى ئوغۇت ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تۇپراق تەكشۈرۈشكە ئاساسەن، باشقا خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن ماسلاشتۇرۇپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك.

6. ئورمانغا قايتۇرغان يەرلەرنىڭ مېۋىسىنى ساقلاش، ئوراپ قاچىلاش، پىششىقلاپ ئىشلەش، توشۇش قاتارلىق تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك.

7. تېرىلغۇ يېرى ئورمانغا قايتۇرۇلغان دېھقانلارنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك سۇغىرىش تېخنىكىسى، بازار ئۇچۇرى، قانۇن بىلىملىرى، ھۆكۈمەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا ۋە دېھقانلارغا قاراتقان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى بىلەن ۋاقتىدا تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (05)

# قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئۆمەر ئىسمائىل
(جۇڭگو بىناكارلىقى شىنجاڭ بىناكارلىق يول - كۆۋرۈك قۇرۇلۇش چەكلىك شىركىتىدىن 830000)

نۆۋەتتە كارخانا مەدەنىيىتى — كارخانا تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسىگە ئايلاندى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەدەنىيەت ئىلغارلىقىنىڭ، يېڭىلىقىنى يۈزلىنىشىنىڭ مەنىۋى، ماددىي دەسمايىسى بولۇپ، ئۇ بىزگە ئۆزىدىكى خاسلىق ۋە ئەۋزەللىك ئارقىلىق پۇرسەت، رىغبەت ۋە پاراسەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ يەردىكى خاسلىق ھەربىر كەسىپ، ساھە، تۈرگە قارىتىلغان. ئەۋزەللىك بولسا تەجرىبە - ساۋاق، ئۇتۇق ئارقىلىق قولغا كەلگەن نەتىجىنىڭ ئومۇمىيىتىگە قارىتىلغان بولىدۇ. بىر كارخانىغا نىسبەتەن ئۇ ياراتقان خاسلىق شۇ كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىشتىكى يولى، مەنبەسى بولۇپ، كۆپ خىل بىردەكلىك ۋە ماسلىق ئارقىلىق ئۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مۇلازىمەت قاتلاملىرىنى سىلجىتىدۇ. شۇڭا كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش — كارخانىلارنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى خاسلىقنى نامايان قىلىشتىكى ئاساس دېيىشكە بولىدۇ. ئەمدى قۇرۇلۇش كارخانىلىرىغا نىسبەتەنمۇ ئۆزىگە خاس كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش تەخىرسىز خىزمەت. قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىنىڭ دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، قاتلاملىرى كۆپ، جايلىشىشى تارقاق، ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىش بىر قەدەر قىيىن بولسىمۇ، ئومۇمىي دائىرە بويىچە كەڭ كۆلەمدە يېتەكلەش ئۇتۇق قازىنىشتىكى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ كارخانا مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ كارخانىنىڭ خاس، جانلىق بولغان ئوبرازىنى تىكلەيدۇ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ. يېڭىدىن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مۇلازىمەت قاتلاملىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇلاردا يېڭىلىق يارىتىش روھى، جاپاغا چىداش روھى، ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش روھىنى بەرپا قىلىدۇ.

1. ساغلام كارخانا باشقۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىش كېرەك. كارخانا مەدەنىيىتى ئىچكى قىسمىغا قارىتا ساپا ھازىرلاشنى تەلەپ قىلسا، سىرتقا قارىتا ئوبراز تىكلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى تەڭشەش، ئۇلاردا ھەمكارلىشىش، ئۇيۇشۇش كۈچىنى كۈچەيتىش، سەمىمىي، ساداقەتمەنلىك بىلەن مۇۋەپپەقى-

يەت قازىنىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، پىلاننى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادا قى-
لىدىغان، قائىدە - تۈزۈملەرگە شەرتسىز بويسۇنىدىغان، ۋەزىپە - كۆرسەت-
كۈچلەرنى دېگەن قەرەلدە ئورۇندايدىغان ھالەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش
كېرەك. مانا بۇ كارخانا مەدەنىيىتىنىڭ نېگىزى، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى-
نىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ مەنىۋى كاپالىتى.

2. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش كېرەك.
ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتلىمى مەدەنىيەت ساپاسى بىر قەدەر تۆۋەن كىشى-
لەر توپى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا تەرتىپلىك تۈرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش
مۇھىتى ھازىرلاش ناھايىتى مۇھىم. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، قۇرۇ-
لۇش كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر قاتلىمى ھەر مىللەت كى-
شىلىرىنىڭ جەم بولغان تۈرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد، بىلىم قۇرۇل-
مىسى بىردەك ئەمەس، بۇ بىزدىن داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ،
ئۇلارغا قارىتا تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش، ئىناق، ئىتتىپاق
بولغان مۇھىتنى تىرىشىپ يارىتىش، ئۇيۇشۇش كۈچى، رىقابەت كۈچىنى
ئاشۇرۇش، خاسلىق ۋە ئاكتىپچانلىقىغا قاراپ ئومۇملاشتۇرۇش، ھەمكارلىق
بىردەكلىكىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلى-
كىنى تەلەپ قىلىدۇ.

3. سۈپەتنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. سۈ-
پەت قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ جېنى، ياخشى - يامان بولۇشىنى، ئۈنۈم-
نىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم. بۇ ئۆلچەم-
نى ئىشقا ئاشۇرۇش بىرىسى مەبلەغ، تېخنىكا كۈچى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-
لىك بولسا، يەنە بىرىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ساپاسىنىڭ قانداقلىقى بى-
لەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ يەنە بىر جەھەتتىن كارخانا مەدەنىيىتىنىڭ
دەرىجىسىنى بېكىتىشتىكى ئۆلچەم. چۈنكى كارخانا مەدەنىيىتى ساغلام تە-
رەققىي قىلسا ئېنىقكى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسى، ئىشلەپچىقى-
رىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ، بۇ ھال قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش
ئۈنۈمدارلىقىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭ ساپاسى، ئىقتىدارى قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە قۇرۇلۇش ئۈنۈمىنى
ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قى-
لىش داۋامىدا چوقۇم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەربىيەلىنىش، ئۆگى-
نىش، يېڭىلىق يارىتىش خىزمەتلىرىنى دائىملىق ئىشقا ئاشۇرۇش، سا-
پا، سۈپەت ھازىرلاشنى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي
قىسمىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

4. دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك. دەۋر روھى كارخانىلار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان روھ، ئۇنى ھەربىر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم بىر تۈرلۈك مەجبۇرىيەت. قۇرۇلۇش كارخانىلىرى دەۋر روھىنى قانچىلىكى بالدۇر بايقىسا ۋە ئالدىن ماسلاشسا، قولغا كەلتۈرىدىغان قۇرۇلۇش، ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت، تىجارەت مەنبەلىرى شۇنچىكى كۆپ، چوڭ بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدىكى تەدبىر بەلگىلەشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەربىيەلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىللە، ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. تۈرلۈك شەكىلدىكى مەدەنىي پائالىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى بەرپا قىلىش، ناچار، قولايسىز ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش، يېتىپ - قوپۇش، يېمەك - ئىچمەك شارائىتىنى تىرىشىپ ياخشىلاش، خەتەرلىك ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرىنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، بىخەتەر ئىشلەش مۇھىتىنى يارىتىش كېرەك.

5. كارخانا خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قارىغۇلارچە ئەندىز قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك. شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ خاسلىقى ئىچكى جايلاردىكى، بولۇپمۇ دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ئىلغار، ئالاھىدە دەپ، ئۇ يەردىكى قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى بىۋاسىتە كۆچۈرۈپ كەلگىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش داۋامىدىمۇ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇڭا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا ئەمەلىي ئەھۋالى چىقىش قىلىش، پەرقلەندۈرۈپ ئىش قىلىش، خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

قىسقىسى، قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ كارخانا مەدەنىيىتىنى يېڭى باسقۇچ، يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشتە يۇقىرىقى نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈشكە، شۇنداقلا ئارتۇقچىلىق بىلەن خاسلىقىنى بىرىكتۈرۈشكە دىققەت قىلىش، يەنە كارخانا مەدەنىيىتى بەرپا قىلىشتا زىيادە قىزىپ كېتىشتىن ساقلىنىش، بىر تەرەپلىمە دوگما بولۇپ قېلىشتىن تېخىمۇ ساقلىنىپ، دەسلەپتە پايدىلىق، كەلگۈسىدە زىيانلىق بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش، تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن كۆز بويامچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش، بار تۇرۇپ پايدىلانغىلى بولمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن تېخىمۇ ساقلىنىش كېرەك. (05)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**37 - ماددا** قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە هاراق - تاماكا سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ. تىجارەتچىلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە هاراق - تاماكا سېتىشنى چەكلەش بەلگىسىنى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا قويۇپ قويۇشى كېرەك؛ قۇرامىغا يەتكەن - يەتمىگەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمىغانلارنىڭ سالاهىيەت ئىسپاتىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك. ھەرقانداق كىشى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، بالىلار باغچىلىرى ۋە يەسلىلەرنىڭ سىنىپى، ياتىقى، پائالىيەت ئۆيى ۋە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر پائالىيەت قىلىدىغان باشقا سورۇنلاردا تاماكا چەكسە، هاراق ئىچسە بولمايدۇ.

**38 - ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ 16 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىشلىتىشىگە بولمايدۇ، دۆلەتنىڭ ئايرىم بەلگىلەنمىسى بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا. ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخس دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە 16 ياشقا توشقان، 18 ياشقا توشمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ئىشلەتكەندە، ئىش تۈرى ئەمگەك ۋاقتى، ئەمگەك سىجىللىقى ۋە مۇھاپىزەت تەدبىرى قاتارلىق جەھەتلەردە دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىشى لازىم. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيانلىق بەك ئېغىر، زەھەرلىك، خەۋپلىك ئەمگەككە سېلىشقا ياكى خەتەرلىك مەشغۇلات قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ.

**39 - ماددا** ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخس قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ شەخسىيىتىنى ئاشكارىلىسا بولمايدۇ. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ خەت - چېكى، خاتىرىسى، ئېلېكترونلۇق يوللانمىسىنى ھەر قانداق تەشكىلات ياكى شەخس يوشۇرۇۋالسا، يوق قىلىۋەتسە بولمايدۇ. جىنايەتنى سۈرۈشتۈرۈش ئېھتىياجى بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ياكى خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قانۇن بويىچە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ خەت - چېكى، خاتىرىسى، ئېلېكترونلۇق يوللانمىسىنى تەكشۈرگەن ياكى ھەرىكەت ئىقتىدارى بولمىغان قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ خەت - چېكى، خاتىرىسى، ئېلېكترونلۇق يوللانمىسىنى ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيلىرى ۋاكالىتەن ئاچقان، كۆرگەندىن باشقا، ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخس ئاچسا، كۆرسە بولمايدۇ.(05)

# كونا - يېڭى كۆكتات ئۇرۇقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

ئامانگۇل مەمەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۇرۇق باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

كۆكتات ئۇرۇقى سېتىۋالغاندا چوقۇم بىرقەدەر كۆلەملەشكەن، مۇنتىزىم تىجارەت ئورنى بار، قانۇنلۇق تىجارەت كىنىشكىسى ۋە ئۇرۇق سېتىش ئىجازەتنامىسى بار ئۇرۇق سېتىش دۇكانلىرىدىن سېتىۋېلىش، شۇنداقلا ئۇرۇقنى قول بىلەن بېسىش، پۇراش، چايناش قاتارلىق ئاددىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇرۇقنىڭ كونا - يېڭىلىقىنى پەرقلەندۈرۈپ، يېڭىسىنى سېتىۋېلىش كېرەك: كونا - يېڭى كۆكتات ئۇرۇقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. **سېرىق پۇرچاق، جاڭدۇ:** يېڭى ئۇرۇقنىڭ ئۇرۇق پەللىسى يېشىل رەڭدە بولىدۇ، ماي تەركىبى كۆپ بولۇپ، پۇرىقى خۇشپۇراق كېلىدۇ، چاينىسا ئېغىزنى قورۇيدۇ. كونا ئۇرۇقنىڭ ئۇرۇق پەللىسىنىڭ رەڭگى توق سېرىق ياكى توپا رەڭدە بولىدۇ.

2. **پىياز، غولپىياز:** يېڭى ئۇرۇقنىڭ پوستى پارقىراق كېلىدۇ، شۇنداقلا ئەسلى پۇرىقى ساقلانغان بولىدۇ، كونا ئۇرۇقتا بۇنداق تەبىئىي پۇراق بولمايدۇ.

3. **پالەك:** يېڭى ئۇرۇقنىڭ رەڭگى ساغۇچ يېشىل رەڭدە بولۇپ، پۇرىقى خۇشپۇراق كېلىدۇ، ئۇرۇق تەركىبىدىكى كىراخمال ماددىسى ئاق رەڭدە بولىدۇ. كونا ئۇرۇقنىڭ رەڭگى توپا رەڭ ياكى قوڭۇر رەڭ بولۇپ، سېسىق پۇرايدۇ، ئۇرۇق تەركىبىدىكى كىراخمال ماددىسى قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ.

4. **پېدىگەن، مۇچ:** يېڭى ئۇرۇقنىڭ رەڭگى سۈت رەڭدە بولۇپ، پوستى پارقىراپ تۇرىدۇ، كونا ئۇرۇقنىڭ پوستى قىزغۇچ، توپا رەڭدە بولۇپ، پۇرىقى بولمايدۇ.

5. **كۇدە:** يېڭى ئۇرۇق پوستى قۇرۇق، پارقىراق، پۇرىقى خۇشپۇراق كېلىدۇ. كونا ئۇرۇق پوستى پارقىرىمايدۇ ھەمدە رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولىدۇ.

6. **سەۋزە:** يېڭى ئۇرۇقنىڭ پوستى ئاقۇش بولۇپ، پۇرىقى خۇشپۇراق كېلىدۇ. كونا ئۇرۇقنىڭ پوستى سېرىق ياكى توق سېرىق بولۇپ، پۇراقسىز كېلىدۇ.

7. **كاۋا، قوغۇن:** يېڭى ئۇرۇقنىڭ پوستى سۈت رەڭدە بولۇپ، پارقىراپ تۇرىدۇ، ماي تەركىبى كۆپ بولىدۇ، پۇرىقى خۇشپۇراق كېلىدۇ، ئۇرۇقنى چاينىسا ئېغىزنى قورۇيدۇ. كونا ئۇرۇقنىڭ پوستى قوڭۇر رەڭ بولۇپ، سېرىق داغ پەيدا بولۇپ قالغان بولىدۇ، ئۇرۇقنى چىشلىسە غەيرى تېتىيدۇ، پۇرىقىمۇ غەلىتە بولىدۇ.

8. **يازلىق يېسىۋېلەك، تۇرۇپ، قاتىكۆك:** يېڭى ئۇرۇقنىڭ پوستى سىلىق ھەم پارقىراق بولىدۇ، پۇرىقى خۇشپۇراق كېلىدۇ، رەڭگى ئاچ سېرىق ياكى يېشىل بولىدۇ. كونا ئۇرۇقنىڭ پوستى پارقىرىمايدۇ، ئۇرۇق پوستىدىن شور ئۆرلەپ سېسىق پۇرايدۇ، ئۇرۇقنى قول بىلەن باسسا پوستى ئاجرايدۇ، رەڭگى سېرىق رەڭدە بولىدۇ. (03)

# رۇبائىيلار

پەزلىيە ئوبۇلهاشىم ئېقىن
(خاڭجۇ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا 1 - يىللىق 18 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

دۇنيادا خىلمۇ خىل ياشايدۇ كىشى،
قەلبىدە زور ئۈمىد دەريا ئۆركۈشى.
بەزىلەر ئەجرىسىز ئۆتىدۇ خار - زار،
ئۇنداقنىڭ بىر ئۆمۈر يوقتۇر دىلكىشى.

دانالار بايلىقنى دوست تۇتمايدىكەن،
ئاجىزنى مەن باي دەپ قورقۇتمايدىكەن.
پاك غورۇر ۋىجداننى قىلىپ دەسمايە،
مېهنەتسىز بىر جىگدە هەم يۇتمايدىكەن.



ئال دېسە بەزىلەر تاشنى يۇدۇدۇ،
شۇ قاتتىق تاشلاردىن راهەت كۈتۇدۇ.
ئىنسابى بار ئادەم ئەجرىدىن مەڭگۈ،
دوستىغا دەستە گۈل ئامەت پۈتۇدۇ. (02)



ياخشى نامىم قالسۇن دېمىسە ئۆلگەندە،

ھۈنەر ئۆگەت سالىم بولسۇن ئوغلۇڭدا.

ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى-دىتى بولمىسا،

نىشان قالماس بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭدا.

sheydayi
sheydayi 2006

بىلىمدىن نادانلىق خاتىمە تاپار، بىلىمدىن سائادەت گۈلى ئېچىلار!




دېلمۇك ئېيتقاندەك يۈكسىلىۋاتقان مەرىپەت بۆشۈكى، ئىلى ئوبلاستى جايجال ناھىيە قايىنبوغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلاردىن خەلقىمىزگە ئوتلۇق سالام!

ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى


农村科技
（月刊）

يېزا پەن — تېخنىكىسى
（ئايلىق ژۇرنال）

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى:《يېزا پەن -تېخنىكىسى》ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن     تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 0991 — 4505075
مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا     ئەنۋەر مۇھەممەت
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ     پوچتا نومۇرى: 830091
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى     باھاسى: 2.00 يۈەن
تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58     ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016